

# ئانتوني بروۋننىڭ رەسىملىك كىتابلار توپلىمى

## تەرجىمە قىلىپ تۈزگۈچى:ناۋال

### مۇندەرىجە


ئانتوني بروۋننىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ........................ 2.

توخۇ يۈرەك ۋىللى ........................................ 4.

ئورمانلىققا كىرىش ........................................ 13.

لەخمە ........................................ 33.

ھايۋاناتلار باغچىسى ........................................ 47.

ئوسكارنىڭ ئۆيىدىكى ئۆزگىرىش ........................................ 70.

شەكىل ئويۇنى ........................................ 78.

قارا ،مېنىڭ نېمەم بار؟ ........................................ 100.

مېنىڭ ئاكام..............................129.
ئاجايىپ سىرلىق تاش............................137.
سېھىرلىك ئەينەكتىن كېسىپ ئۆتۈش........................150.
مەن ۋە سەن..............................162.
باغچىدىكى ئاۋاز............................175.
مەن ياخشى كۆرىدىغان ئىشلار.........................206.
ئورانگۇتان..............................223.
ۋىللىينىڭ چۈشى............................241.
ۋىللىي ۋە دوست............................265.
سېھىرگەر ۋېيلى............................275.

## ئانتوني بروۋننىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى




**Anthony Browne** ـ 安东尼・布朗

ئانتوني بروۋن **1949** ـ يىلى ئەنگلىيە ئىنگلاندىنىڭ شىمالىدىكى شفلىد دېگەن شەھەردە تۇغۇلغان. گۈزەك ـ سەنئەت ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن. بىزگە تونۇشلۇق ئەسەرلىرىدىن مېنىڭ دادام، مېنىڭ ئاپام قاتارلىقلار بار بولۇپ، بۇ قېتىم ئانتوني بروۋننىڭ مېنىڭ ئاكام، گورىللا، لەخمە، مەن ياقتۇرىدىغان

ئشلار،توخۇ يۈرەك ۋىللىي،ئورمانلىقتا كىرىش،شەكىل ئويۇنى قاتارلىق 17پارچە رەسىملىك كىتابى تەرجىمە قىلىندى.ئانتونىي بىروۋنىنىڭ ئەسەرلىرىدىن مەن ياقتۇرغان بىر يارقىن نۇقتا شۇكى چوڭقۇر كىتابلاردىن بەزى تەسۋىرلەنگەن قاتارلىقلار موما،ئۇكا ــ ئاكا،سىڭىل ،ئاكا ــ ئانا،ئاتا ــ مېھىر ــ مۇھەببەت،كۆيۈنۈش،پەخىرلىنىش،ئائىلىنىڭ مېھرى،گۈزەللىكى بالقىپ تۇرىدۇ.كىشنى ئىختىيارسىز ئۆزىنىڭ ئاتا ــ ئانىسى،ئاكىسى،ھەدىسى،سىڭلىسى،ئۇكىسى،مومىسى ھەققىدە ئەسلىمىلەرگە،لىققىدە تاتلىق خىياللارغا سالىدۇ.قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى باللىقتا بولۇپ تۇرىدىغان تەبئىي تالاش ــ تارتىش،ماجرالار يوشۇرۇلماستىن تەبئىي ئىپادىلىنىدۇ ۋە شۇ چىقىشالماسلىقلار كەينىدىكى چوڭقۇر مېھىر ــ مۇھەببەتمۇ كىتابتىكى ۋەقەلىكلەر داۋامىدا شۇنداق گۈزەل بىر شەكىلدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.يەنە بىر ئانتونىينىڭ كىتابلىرى بىرى ــ بىرىگە باغلىنىشلىق بولۇپ،باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىشتەك ئىستىتىك تۇيغۇلارغا چۈمۈسىز ۋە ئويلىنىسىز،ئىزلىنىسىز.مەسىلەن،ئۇنىڭ «ئورمانلىقتا كىرىش» دېگەن ئەسىرىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن سىز چوقۇم ئۇنىڭ «مېنىڭ دادام»،«مېنىڭ ئاپام» ۋە مەشھۇر باللار ھېكايىسى «قىزىل بۆكلۈك قىز» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقىغان بولىشىڭىز كېرەك،شۇنىڭدىلا بۇ كىتاب سىزگە تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىر ۋە ئويلاپ باقمىغان نۇقتىلارنى ھېس قىلدۇرىدۇ.شۇڭا ئانتونىي بىروۋنىنىڭ بىرنەچچىلا رەسىملىك كىتابىنى ئوقۇپ قويۇش بىلەن بەزى مەقسەتلەرگە يەتكىلى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ياخشى چۈشەنگىلى بولمايدۇ.شۇنداقلا رەسىملىك كىتابلاردىكى بايانلار،ۋەقەلىكلەر داۋامىدا ئۇنىڭ قانداق قىلىپ ئاشۇنداق بىر يېتۈك ۋە مەشھۇر باللار رەسىملىك كىتاب ئۇستىسى بولۇپ چىققانلىقىدەك ھېكايىلەرنىمۇ ھېس قىپ يېتەلەيسىز،سۆيۈملۈك باللارغا ۋە رەسىملىك كىتابلارنى سۆيگەنلەرگە بۇ كىتابلاردىن تېخىمۇ چوڭقۇر خاتىرىلەر،بىلىملەر ۋە خەيرلىكلەر يار بولىشىنى تىلەيمەن.


ھۆرمەت بىلەن تەرجىمە قىلغۇچى: ناۋال




# توخۇ يۈرەك ۋېيلى


ئاپتورى:ئانتونى بروۋن

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال




Willy wouldn't hurt a fly.

ۋىيلى بەكمۇ ئاقكۆڭۈل بالا ئىدى،بىرتال چىۋىنگىمۇ ئازار بېرىشنى خالىمايتتى.





ھەرقېتىم سىرتقا چىقىپ سەيلە قىلغان چاغدا ۋىيلى ئۆزىنىڭ قۇرت-قوڭغۇزلارنى دەسسەپ سېلىشىدىن بەكمۇ خەۋپسىرەيتتى. باشقىلار ئۇنى سوقۇۋېتىپ قالسا،گەرچە بۇ ئۇنىڭ خاتالىقى بولمىسىمۇ ھەمىشە:«ۋوي! كەچۈرۈڭ!» دەيتتى.




بەزىدە بازاردىكى لۈكچەكلەر ئۇنى بوزەك قىلاتتى.

ـ ۋاي،كەچۈرۈڭلار! ـ ۋىيلى بىرياقتىن تاياق يېگەچ،يەنە بىر ياقتىن كەچۈرۈم سورىغىلى تۇراتتى.

لۈكچەكلەر ئۇنى:«توخۇ يۈرەك ۋىيلى!» دەپ چاقىراتتى.





ۋىيلى باشقىلارنىڭ ئۇنى «توخۇ يۈرەك! قورقۇنچاق!»دېيىشىدىن بەكمۇ بىزار ئىدى.

بىركۈنى كەچتە ئۇ ھەجۋىي رەسىملەر ژورنىلىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپ،تۇيۇقسىزلا بىر ئېلاننى كۆرۈپ قاپتۇ...

« ـ ھەرگىز توخۇ يۈرەك بوپ قالما!ئىلگىرى مەنمۇ بىر ئاۋاقتىم،مۇسكۇللىرىممۇ يوق ئىدى،بىر بىچارە ئاجىز

ئىدىم!...مەن ھازىر باشقىلارغا بۇيرۇق قىلىمەنكى،ئادەملەرنىڭ يۈزىگە توپا چاچ،يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلە،ئىنتايىن ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈر ۋە كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىش! سەنمۇ بىلەكلىرىڭنىڭ مۇسكۇللىق بولىشىنى،پاچاقلىرىڭنىڭ كۈچلۈك،ساغلام بولۇشىنى ،مۇسكۇللىرىڭ ئەتلىك تۇرىشىنى،قاۋۇل كۆرۈنىدىغان كىيىملەرنى كىيىشنى،كىشىنى جەلىپ قىلغۇدەك قىياپىتىڭ بولۇشىنى خالايسەنغۇ دەيمەن؟ئۇنداقتا دەررۇ ماڭا خەت ياز! »


ـ قارىماققا بۇ ئېلان ماڭا بەكلا ماس كېلىدىغاندەك قىلىدۇ ـ دەپ ئويلاپتۇ ۋىيلى.ئۇ ئېلان ئۈستىدىكى ئادرىسقا خەت يوللاپتۇ.





ھەركۈنى ئەتىگەنلىكى خەت ـ چەكلەر يەتكۈزىلىدىغان ۋاقىتتا ۋىيلى سىرتقا قاراپ ئېتىلاتتى.ئەگەر تېز يوللانما يەتكۈزگۈچى ئۇنىڭ خېتىنى ئېلىپ كەلمىگەن بولسا،ئۇ شۇ ھامان:

ـ ئوۋ،كەچۈرۈڭ! ـ دەيتتى.


بىركۈنى ۋىيلى بىر پوسۇلكا تاپشۇرىۋاپتۇ...دەل ئۆزى! ۋىيلى ھاياجانلانغان ھالدا پوسۇلكىنى ئېچىپتۇ،ئەسلىدە بىر كىتاپ ئىكەن:ئۇنىڭدا ۋىيلىنىڭ نىمە قىلىشى كېرەكلىكى ئېيتىلغان ئىكەن.ئاۋال بەزى تەييارلىق ھەركەتلەرنى قىلىشى كېرەككەن.




ئاندىن ئاستا يۈگۈرۈش. . .ئوزۇقلۇقى چوقۇم مول بولۇش





يەنە بەزى ئوكسىگىنلىق تەنھەرىكەتلەرگە قاتنىشىش.ئۇ يەردە دىسكو مۇزىكىسىغا ئەگىشىپ ئۇسۇل ئويناش. . .ۋىيلى كۆڭلىدە سەل بىمەنىلىكتەك ھېس قىپتۇ.





ئۇ بوكس مەشقى بىلەن قانداق مۇشتلىشىشنى ئۆگىنىپتۇ.




چېنىقىش كۇلۇپلىرىغا بېرىپتۇ.





ئۇ ئېغىرلىك كۆتۈرۈش مەشقى قىلىشقا باشلاپتۇ.نەچچە ھەپتە ئۆتۈپتۇ،نەچچە ئايلار ئۆتۈپتۇ،ۋىلى ئاستا ـ ئاستا كۈچلىنىشكە باشلاپتۇ. . .ناھايىتى كۈچلىنىپتۇ. . .تېخىمۇ كۈچلىنىپتۇ. . .ئىنتايىن ـ ئىنتايىن بەك كۈچلىنىپ كېتىپتۇ. . .



ۋىلى ئۆزىنىڭ ئەينەكتىكى سىماسىغا قاراپتۇ،ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىرقى شۇ ھالىتىدىن بەكمۇ مەمنۇن بوپتۇ.




بىر كۈنى كوچىدا كېتىۋاتقان ۋىيلى،ھېلىقى لۈكچەكلەرنىڭ مىللىينى بوزەك قىلغىلى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.





لۈكچەكلەر مەغلۇپ بولۇپ بەدەر تىكىۋېتىپتۇ.

ـ ۋاھ! ۋىيلى!

ـ نېمە بولدى مىللىي؟

**ـ سەن نېمە دېگەن باتۇر ھە ۋىيلى!**

**ـ ھى ،ھى . . .**




**ۋىيلى تولىمۇ ئىپتىخارلىنىپتۇ . ـ مەن توخۇ يۈرەك ئەمەس! مەن دېگەن باتۇر! ـ توك . . .ك . . .ك . . . .**



ـ ئوھ، كەچۈرگىن! ـ دەپتۇ ۋېيلى.




# ئورمانلىققا كىرىش

ئانتونى بروۋن


تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال

One night I was woken up by a terrible sound.



بىر كۈنى كېچىدە،مەن ناھايىتى قورقۇنۇچلۇق بىر ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم.

ئەتىسى سەھەردە،ئۆي ئىچى جىمجىت بوپ قالغانىدى.دادام ئۆيدە يوقكەن.مەن ئاپامدىن:دادام قاچان قايتىپ كېلىدۇ؟ـ دەپ سورىدىم.بىراق قارىغاندا ئاپامۇ بىلمەيدىغاندەك قىلاتتى.



The next morning all was quiet. Dad wasn't there. I asked Mum when he was coming back but she didn't seem to know.



مەن دادامنى سېغىندىم. «شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇرغۇنلىغان كىچىك قەغەزلەرنى

ئۈستەل، تام، تېلېۋىزور، ئىشىك دېگەندەكلەرگە چاپلىۋەتتىم. قەغەزلەرنىڭ ئۈستىگە پۈتۈنلەي:


ـ دادا ،تېزرەك قايتىپ كېلىڭ! دادا زادى نەگە كەتتىڭىز؟ ـ دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى.





ئەتىسى ئاپام ماڭا پۇشۇرغان تورتنى ئېلىپ ئاغرىپ قالغان مومامنى يوقلاپ كېلىشىمنى ئېيتتى.مەن مومامغا بەكمۇ ئامراق ئىدىم،ئۇ دائىم ماڭا قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى.

مومامنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان ئىككى يول بار ئىدى:بىرى سەل ئۇزۇنراق بولغان چوڭ يول،كىشىنى ھاردۇرۇپ قوياتتى؛قىسقىراق يول بولسا ئورمانلىقتىن كېسىپ ئۆتەتتى.

ـ چوڭ يول بىلەن ماڭغىن، ـ دېدى مېڭىشتىن ئاۋال ئاپام ماڭا ـ ھەرگىز ئورمانلىققا كىرىپ كەتمىگىن!


The next day Mum asked me to take a cake to Grandma, who was poorly. I love Grandma. She always tells me such fantastic stories.
There are two ways to get to Grandma's house: the long way round, which takes ages, or the short way through the forest.
"Don't go into the forest," said Mum. "Go the long way round."

بىراق مەن بۇ قېتىم ئورمانلىقتىن كېسىپ ئۆتىدىغان چىغىر يولنى تاللاپ ماڭدىم ،چۈنكى مەن دادام ئۆيگە قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئۆيگە بېرىپ بولۇشۇمنى ئارزۇ قىلاتتىم.







ئورمانلىققا كىرىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەن بىر كىچىك بالىنى ئۇچراتتىم.

ئۇ مەندىن:

ـ سېنىڭ بۇ چىرايلىق سىيىرنى سېتىۋالغۇڭ يوقمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ياق! ـ دەپ جاۋاپ بەردىم مەن. (مەن نېمىشقا بىر سىيىر سېتىۋالغۇدەكمەن؟)

ـ سەن سۇنتىڭدىكى ئاۋۇ مېۋە تەملىك تورت بىلەن ئالماشتۇرساڭلا بولىدۇ ـ دېدى ئۇ يەنە.



A fter a short while I saw a boy.
"Do you want to buy a nice milky moo-cow?" he asked.
"No," I said. (Why would I want a cow?)
"I'll swap it for that sweet fruity cake in your basket," he said.
"No, it's for my poorly grandma," I said, and walked on.
"*I'm* poorly," I heard him saying, "*I'm* poorly..."

ـ ياق! ـ دەپ جاۋاپ بەردىم بىر تەرەپتىن يولۇمغا ماڭغاچ ،يەنە بىر تەرەپتىن جاۋاپ بېرىپ ـ ئۇنى مەن ئاغرىپ قالغان مومامغا ئېلىپ كېتىۋاتىمەن.

ـ مەنمۇ ئاغرىق! ـ دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم يەنە ئۇنىڭ ـ مېنىڭمۇ مىجەزىم يوق!




مەن ئورمانلىقتا يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرگەندىن كېيىن بىر ئالتۇن چاچلىق قىزچاقنى ئۇچراتتىم.


ـ نېمەدېگەن چىرايلىق سېۋەت بۇ! ـ دېدى ئۇ قىزچاق ـ ئۇنىڭ ئىچىدىكى نېمە؟

ـ مومامغا ئېلىپ كېتىۋاتقان تورت، ئۇ ئاغرىپ قالغانىدى.

ـ مەن ئاشۇنداق تورتنى يېيىشكە بەك ئامراقتىم.




مەن يولۇمغا مېڭىۋەردىم ،ھەم ئۇنىڭ:« راستىنلا كىچىككىنە تەملىك تورت ! مەن شۇندىقنى يېيىشكە بەكلا ئامراقتىم. . .» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم.




ئورمانلىق بارغانسېرى قاراڭغۇلىشىپ ۋە سوۋۇپ كېتىۋاتاتتى.مەن ئىككى كىچىك بالىنىڭ بىرىيەرگە توگولوپ ئولتۇرۇپ ئوت سۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

-سەن بىزنىڭ ئاتا-ئانىمىزنى كۆردۈڭمۇ؟-دەپ سورىدى ئوغۇل بالا.

-ياق،ئۇلارنى يوتتۇرۇپ قويدۇڭلارما؟

-ئۇلار مۇشۇ ئەتراپتىكى ئورمانلىق ئىچىدە ئوتۇن كەسكىلى كەتكەنىدى،مەن ئۇلارنىڭ تېزرەك قايتىپ كېلىشىنى ئۈمۈد قىلىمەن.


The forest was becoming darker and colder, and I saw two other children huddling by a fire.
"Have you seen our dad and mum?" the boy asked.
"No, have you lost them?"
"They're cutting wood in the forest somewhere," said the girl, "but I wish they'd come back."

As I walked on I could hear the dreadful sound of the girl crying, but what could I do?

مەن يولۇمغا مېڭىۋەردىم، ئۇ قىزچاقنىڭ تاقەتسىزلەنگەن هالدا يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇراتتىم،بىراق مەن نېمىمۇ قىلىپ بېرەلەيتتىم؟



مەن بارغانسېرى قاتتىق توڭلاپ كېتىۋاتاتتىم،شۇتاپتا بىر پەلتۇيىم بولىشنى شۇنداقمۇ خالايتتىم.تۇيۇقسىز،مەن بىر پەلتۇ كۆرۈپ قالدىم،ئۇ تولىمۇ ئىسسىق،راھەت پەلتۇ ئىدى.



I was getting very cold and wished that I'd brought a coat. Suddenly I saw one. It was nice and warm, but as soon as I put it on I began to feel scared. I felt that something was following me. I remembered a story taht Grandma used to tell me about a bad wolf. I stared to run, but I couldn't find the path. I ran and ran, deeper into the forest, but I was lost. Where was Gran

بىراق مەن ئۇنى كىيىپ ھېچقانچە ئۆتمەيلا قورقۇنچقا چۈشۈپ قالدىم. نېمىدۇر بىرنەرسە كەينىمدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقاندەكلا تۇيۇلاتتى. بىرچاغلاردا مومام ئېيتىپ بەرگەن ۋەھشىي بۆرە ھەققىدىكى بىر ھېكايە ئېسىمگە چۈشتى...

مەن تېزلىك بىلەن يۈگۈرۈشكە باشلىدىم، بىراق يولنى تاپالمىدىم. مەن يۈگۈرە ـ يۈگۈرە ئورمانلىققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتىم، بىراق ئېزىپ قالدىم. مومامنىڭ ئۆيى زادى قەيەردىدۇ؟



ئاخىر...مەن مومامنىڭ ئۆيىنى تاپتىم!




مەن ئىشكنى چەكتىم، ئۆينىڭ ئىچىدىن: ـ كىمۇ؟ ـ دېگەن ئاۋاز كەلدى. بىراق بۇ ئاۋاز پەقەتلا مومامنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمايتتى.

ـ بۇ مەن! ئاپام سىزگە پۇشۇرغان تورت ئېلىپ كەلدىم! ـ مەن ئىشكنى ئىتتىرىپ كىچىككىنە ئاچتىم.

ـ تېزرەك كىرگىن قەدىرلىكىم! ـ بايىقى غەلىتە ئاۋاز سۆزلەۋاتاتتى.

مەن سەل قورقتۇم، ئاستاغىنا ئۆينىڭ ئىچىگە كىردىم.

مومامنىڭ كارۋىتىدا.....



I knocked on the door and a voice called out, "Who's there?" But it didn't really sound like Grandma's voice.

"It's me. I've brought a cake from Mum."

I pushed the door open a little.

"Come in, dear," the strange voice called.

I was terrified. I slowly crept in.

There in Grandma's bed was ...

ـ موما!(راستنلا مومامکەن!)




ـ كېلە قوزام! ـ ئۇ پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى، ـ ياخشى تۇردۇڭمۇ؟

ـ هازىر مەن ناهايىتى ياخشى ـ دېدىم مەن.

ئاندىن ،مەن كەينىمدىن چىققان بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم ۋە كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىدىم....




"Come here, love," she sniffed. "How are you?"

"I'm all right now," I said.

Then, I heard a noise behind me and turned round ...

ـ دادا!!!!!. . . .



DAD!


I told them everything that had happened. We all had a hot drink and I ate two pieces of Mum's delicious cake. Then we said goodbye to Grandma, who was feeling much better.

مەن ئۇلارغا يۈزبەرگەن بارلىق ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم. بىز ھەممىمىز بىللە ئولتۇرۇپ ئىسسىق چاي ئىچىشتۇق، مەن ئاپام پۇشۇرغان مەززىلىك تورتتىن ئىككى پارچە يېدىم. ئاندىن بىز مومام سەل ياخشى بوپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتۇق.

دادام بىلەن بىللە ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىشىكنى چەكتىم.

ـ كىم؟ ـ دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ـ بۇ بىز! ـ دەپ جاۋاپ بەردۇق دادام بىلەن.



When we got home I pushed open the door.


"Who's there?" a voice called.

"It's only us," we said.

ئاندىن ئاپام كۈلۈمسىرىگەن هالدا ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپ كەلدى...


And Mum came out, smiling.


لەخمە
ئانتونىي بروۋن
تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال
The Tunnel
Anthony Browne



# لەخمە


ئانتونى بروۋن

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال






بۇرۇن ـ بۇرۇندا بىر ئاكا بىلەن بىر سىڭىل بار ئىكەن،ئۇلارنىڭ چىراي ـ تۇرقىمۇ ئوخشىمايدىكەن،مىجەز ـ خۇلقىمۇ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىقكەن.

سىڭلىسى يالغۇز ئۆيدە ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيدىكەن، خىيال سۈرىدىكەن. ئاكىسى سىرتلاردا دوستلىرى بىلەن ئوينايدىكەن، ئۇلار دائىم كۈلۈشۈپ، توپ تېپىشىپ، قىقاس-سۈرەن سېلىشىدىكەن، ۋاڭ-چۇڭ قىلىشىدىكەن.



ئاخشىمى، ئاكىسى ئۆزىنىڭ ھوجرىسىدا تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىدىكەن، سىڭلىسى ئۇخلىيالماي كارۋاتتا يېتىپ كېچىدىكى ئاۋازلارغا قۇلاق سالىدىكەن. بەزىدە ئاكىسى سىڭلىسىنىڭ ھوجرىسىغا ئۆمىلەپ كىرىپ ئۇنى قورقۇتىدىكەن، چۈنكى ئۇ سىڭلىسىنىڭ قاراڭغۇلۇقتىن قورقىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن.



ئۇلار بىرىەرگە كەلسىلا توختىماي ئۇرۇش ـ جېدەل قىلىشىدىكەن.



بىركۈنى ئەتىگەندە، ئاپىسى ئۇلارنىڭ جېدەل ـ ماجىراسىغا چىداپ تۇرالماپتۇ. « سىلەر بىللە ئۆيدىن

چىقمىغىلار!»دەپتۇ ئۇ. «بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئۇرۇش-تالاش قىلماي ئويناپ بېقىڭلار! چۇشلۇك تاماق ۋاقتىدىلا قايتىپ كېلىڭلار». بىراق ئاكىسىنىڭ سىڭلىسىنى ئەگەشتۈرۈۋالغۇسى يوقكەن.



ئۇلار بىر ئەسكى-تۇسكىلەر دۆۋىسى بار جايغا كېلىپ قاپتۇ.

-ھەي، سەن ماڭا ئەگىشىۋېلىپ نېمە قىلىسەن؟ -دەپتۇ ئاكىسى خاپا بولغان ھالدا.

-بۇ مېنىڭ خاتالىق ئەمەس-دەپتۇ سىڭلىسى-مېنىڭمۇ بۇنداق جىن ئۇرغۇر يەرگە كەلگۈم يوق، قورقىدىكەنمەن.

-ھىم، ۋۇي قورقۇنچاق! -دەپتۇ ئاكىسى-سەن ھەممىلا نەرسىدىن قورقىسەن. ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا ئۇيەرنى ئاختۇرۇشقا چۈشۈپ كېتىپتۇ.



ـ ھەي ،بۈياققا كېلە! ـ ئانچە ئۈزۈن ئۆتمەيلا ئاكسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.سىڭلىسى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ.

ـ قارىغىنە ، ـ دەپتۇ ئاكىسى ـ بۇيەردە بىر لەخمە بار ئىكەن،كېلە،بىز ئىچىگە كىرىپ يەنە بىر ياقتا نېمە بار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى.

ـ ياق ،كىرمەيمەن ،سەنمۇ كىرمە! ـ دەپتۇ سىڭلىسى ـ ئۇيەردە پېرىخۇن ياكى جىن ـ ئالۋاستى ۋە ياكى باشقا بىرنەرسىلەر يوشۇرۇنغان بولىشى مۇمكىن.

ـ قورققۇدەك نېمە بار؟ ـ دەپتۇ ئاكىسى ـ پەقەت كىچىك باللارلا ئاشۇنداق بولمىغۇر خىياللارنى قىلىدۇ.


ـ بىز دەرھال ئۆيگە قايتىپ چۈشلۈك تاماق يەيلىچۇ! ـ دەپتۇ سىڭلىسى.



سڭلسى لەحمە ئچگە كىرىشكە پىتىنالماپتۇ،شۇڭا ئۇ سرتتا تۇرۇپ ئاكسىنىڭ قايتىپ چىقىشىنى ساقلاپتۇ.

ئۇ ساقلاپتۇ،ساقلاپتۇ،ئاكسى زادىلا قايتىپ چىقماپتۇ،ئۇ تىت-تىت بولغىنىدىن يىغلىۋېتەيلا دەپ قاپتۇ.قانداق قىلغۇلۇق؟ئۇمۇ لەحمە ئچگە ئۆمۈلەپ كىرىپتۇ.





لەخمە بەكمۇ قاراڭعۇ ٴىكەن.





ھەم نەم،ھەم  تېيىلغاق ھەم قورقۇنۇچلۇق ئىكەن.





لەخمىنىڭ يەنە بىر ئۇچىغا چىققان چاغدا،قىزچاق تېپتىنىچ بىر دەرەخلىقنى كۆرۈپتۇ.



بىراق ئۇيەردە ئاكىسىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ.دەرەخلىق ئىنتايىن تېزلىكتە قاپقاراڭغۇ ئورمانلىققا ئايلىنىپ

قاپتۇ.

ئۇنىڭ كاللىسىغا يىرتقۇچ بۆرە، گىگانت ئادەم، پېرىخۇنلار كېلىپتۇ، ئۇ بۇرۇلۇپلا قايتىپ كەتمەكچى بوپتۇ ـ يۇ، مىدىرلىماپتۇ.

ئەگەر ئۇ كەتسە ئاكىسى قانداق قىلىدۇ؟




ئۇ ئويلىغانچە قورقۇپتۇ، شۇنداق قىپ ئالدىغا قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلاپتۇ، بەكمۇ تېز يۈگۈرۈپتۇ...



ئۇ ئۆزىنى يۈگۈرگۈدەك ھالى قالمىغاندەك سەزگەن چاغدا، بىر پارچە بوشلۇققا كېلىپ قاپتۇ. ئۇيەردە بىرنەرسە باركەن، خۇددى تاشتەك قىمىر قىلماي تۇراتتىكەن.

- ئاھ، ياق! - قىزچاق يىغلاشقا باشلاپتۇ.

- مەن بەكلا كېچىكىپ قاپتىمەن!



قىزچاق بېرىپ ئاشۇ ھەم سوغۇق ھەم قاتتىق نەرسىنى قۇچاقلاپتۇ، بەكمۇ ئازاپلىنىپتۇ.

ئاستا ـ ئاستا، ئاستا ـ ئاستا. . . بۇ نەرسىنىڭ رەڭگى ئۆزگەرگىلى تۇرۇپتۇ، يۇمشاپتۇ ۋە ئىللىپ قاپتۇ.







ئاندىن، ئاز ـ ئازدىن ئۇ نەرسە مىدىرلاشقا باشلاپتۇ، ئاھ، ئاكىسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرۇپتۇ!

ـ روسى! مەن سېنىڭ كېلىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم! ـ دەپتۇ ئاكىسى.

ئۇلار بىرلىكتە كەينىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ، ئورمانلىقتىن، دەرەخلىقتىن كېسىپ ئۆتۈپتۇ، لەخمە ئىچىگە كىرىپتۇ، ئاندىن بىللە ئۆيىگە قايتىپتۇ.






ئۇلار ئۆيگە كەلگىنىدە، ئاپىسى چۈشلۈك تاماق تەييارلاۋاتقان ئىكەن.

- ئوھوي! - دەپتۇ ئاپىسى - ئىككىڭلار ناھايىتى ياخشى كۆرۈنىسىلەرغۇ، ھەممە ئىشلار جايىدىدۇ؟

سىڭلىسى ئاكىسىغا قاراپ كۈلۈپتۇ.

ئاكىسىمۇ سىڭلىسىغا قاراپ كۈلۈپتۇ.






# هايۋاناتلار باغچىسى

ئانتونى بروۋن

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال

ماس كېلىدىغان ياش7~10




ئالدىنقى يەكشەنبە كۈنى بىز پۈتۈن ئائىلىمىز بويىچە هايۋاناتلار باغچىسىغا باردۇق.

ئىنىم بىلەن ئىككىمىز بەكمۇ هاياجانلاندۇق.



بىراق يولدا قاتناش توسۇلۇپ كەتكەنىدى، بىز ماشىنا ئىچىدە خۇددى نەچچە ئەسىر ئولتۇرغاندەك بوپ كەتتۇق. بىردەمدىن كېيىن خارى ئىككىمىز بەك زېرىكىشكە باشلىدۇق. ئاندىن ئۇرۇشۇپ كەتتۇق. خارى يىغلاشقا باشلىدى، دادام مېنى جېدەلدىن قولۇمنى تارتىشىمغا بۇيرىدى. نېمە دېگەن ئادالەتسىزلىك! ئۇ ئەزەلدىن خارىنى قولىنى يىغىشقا بۇيرىمايدۇ، ھەردائىم خاتالىقى ماڭىلا ئارتىدۇ.

- قانداق ماشىنا ئەڭ ئاستا ماڭىدۇ؟ - دەپ سورىدى دادام.

- بىلمەيمەن - دېدى خارى.

قاتناش قىستاڭچىلىقى! - دېدى دادام يۇقىرى ئاۋازدا.

ئاپام، مەن ۋە خارىدىن باشقا ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.





بىز ئاخىرى باغچىغا يېتىپ كەلدۇق. دادام بىلەت ساتقۇچى بىلەن ئۇرۇشۇپلا كەتتى. ئۇ توختىماي خارنى ئەمدىلا 4 ياشقا كىردى، ئەلۋەتتە يېرىم بىلەت ئېلىش كېرەك، ــ دەپ تۇرىۋېلىۋاتاتتى. (ئەملىيەتتە خارى ئاللىقاچان بەش يېرىم ياشقا كىرىپ بولغانىدى).

ــ بۇلاڭچىلار! ــ دادام چىشلىرىنى چايناپ ــ پۈركۈۋەتكۈدەك غۇچۇرلىتىپ تىللاپ ــ قارغاشقا باشلىدى. (بەزىدە ئۇ راستىنلا ئادەمنىڭ يۈزىنى تۆككۈدەك ئىشلارنى قىپ سالىدۇ)




بىزدە ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ ساياھەت خەرىتىسى يوق ئىدى،شۇڭا بىز خالىغانچە ئايلىنىشقا باشلىدۇق.ئۇكام بىلەن مېنىڭ ئورانگۇتان بىلەن مايمۇن كۆرگۈمىز بارتى،بىراق بىز ئاۋال بىر دۆۋە قىزىقى يوق ھايۋانلارنى كۆردۇق.بىز پىلنىڭ تۇرالغۇسىغا كەلدۇق،ئىچى ئۆلگۈدەك سېسىق ئىدى،پىل بىر بۇلۇڭدا تۇرۇپ توختىماي بىرنەرسە يەيتتى.



ئاپام شاكىلات ئالغاچ كەلگەندى،خارى بىلەن ئىككىمىزنىڭ تازىمۇ قورسىقىمىز ئېچىپ كەتكەندى. «شاكىلات يېسەك بولامدۇ؟» ـ دەپ سورىدىم مەن.



ـ ياق، بولمايدۇ ـ دېدى دادام.


ـ نېمشقا بولمايدۇ؟ ـ دەپ سورىدى خارى ئاغرىنىپ.

ـ چۈنكى...... ـ دېدى دادام.


ـ چۈنكى نېمە؟ ـ دەپ سورىدىم مەن.

ـ چۈنكى مەن بولمايدۇ دېگەندىكىن بولمايدۇ! ـ دېدى دادام.

قارىغاندا ئۈنىڭ كەيپىياتى تازا ياخشى ئەمەستەك قىلاتتى.




كەيندىن بىز يولۋاسنىڭ تۇرالغۇسىغا باردۇق. ئۇيەردە پەقەت بىرتاللا يولۋاس بار ئىكەن، ئۇ تۆمۈر قەپەسنىڭ ئىچىدە سىم تورنى ياقىلاپ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا بېرىپ، يەنە كەينىگە قايتىپ مېڭىپ يۈرەتتى. قايتىپ كېلىپ يەنە كەينىگە يېنىپ توختىماي شۇنداق مېڭىشنى تەكرارلايتتى.




ـ نېمەدېگەن بىچارە! ـ دېدى ئاپام.

ـ ئەگەر ئۇ سېنى قوغلاپ كەتكەن بولسا ھەرگىز بۇنداق دېمەيتتىڭ ـ دە! ـ دېدى دادام ـ قارىمامسەن ئۇنىڭ ئاۋۇ زەھەردەك ئۆتكۈر چىشلىرىغا!



خارى ئىككىمىز بەكلا ئېچىرقاپ كەتكەنىدۇق.

ـ بېرىپ تاماق يېسەك قانداق؟ ـ دەپ سورىدىم مەن.


ـ بىراق بىز ھېلىلا كەلمىدۇقمۇ؟ ـ دېدى ئاپام.




بىراق مەن خۇددى كەلگىلى نەچچە سائەت بولغاندەكلا ھېس قىپ كېتىۋاتاتتىم.

خارى مېنى بىر مۇشت قويدى،مەنمۇ ئۇنى بىرنى تەپتىم.

بىز قۇچاقلىشىپ ئۆرۈشۈپ كەتتۇق.دادام  مېنى قولۇمنى تارتىشقا بۇيرۇق قىلدى.





کەیندىن بىز پىنگۋىن كۆرگىلى باردۇق.مەن تېلىۋىزورلاردا پىنگۋىننى كۆرسەم ھەمىشە شۇنداق


قىزىقىپ كېتەتتىم، ئەمما ھازىر كاللامدا پەقەت يەيدىغان نەرسىلا بار ئىدى.

- سەن ھايۋاناتلار  باغچىسىدىكى قايسى خىل ھايۋاننى يېسە بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ - دەپ سورىدى دادام.

- بىلمەيمەن! - دېدىم مەن دىمىقىمنى قېقىپ غوڭشۇپ.

- خات دوگ! (Hot dog) (بىر خىل ئارىسىغا كولباسا، ئاچا سەي، قىچا تالقىنى مېيى سېلىنغان بولكىنىڭ ئىسمى، خەنزۇچە热狗 - ئۇدۇل تەرجىمە قىلسا ئىسسىق ئىت دېگەن گەپ) - دېدى دادام ۋە ئىت قاۋىشىغاندەك ئاۋاز چىقاردى. ئۇ قورسىقىنى تۇتۇپ كۈلۈۋېرىپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.


- يۈرۈڭلار، باللىرىم - دېدى ئاپام - بېرىپ تاماق يەيلى.




رېستوران بەكمۇ ئېسل ئىكەن.مەن هامبۇرگ بولكىسى،ئۈستىگە جىققىنەم پەمدۇر قىيامى سۈرۈلگەن بەرەنگە قەلەمچىسى  ۋە قاقلانغان پۇرچاق يېدىم،يەنە،قارىقات مۇراببىاسى ۋە شاكىلات مارۇژنى يېدىم.بۇ يېمەكلىكلەر ھەقىقەتەن بەك تەملىك.

بىز خارى بىلەن ئىككىمىز يىغقان پارچە پۇللىرىمىزنى ئېلىپ سوۋغاتلىق دۇكىنىغا نەرسە سېتىۋالغىلى باردۇق.ھەربىرىمىز بىردىن ناھايىتى ئوماق مايمۇنيۈزلۈك شلەپە سېتىۋالدۇق.

ـ قايسىسى مايمۇن؟...




بىز شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقىنى كۆرگىلى باردۇق.ئۇ قارىماققا بەكلا دۆت ـ كالۋادەك كۆرۈنەتتى.پەقەت ئۈستىگە مېڭىپ،ئاستىغا چۆشۈپ،يەنە ئۈستىگە مېڭىپ يەنە ئاستىغا چۆشۈشنىلا بىلەتتى.



ئاندىن، بىز ئىتباش مايمۇنلارنى كۆردۇق، ئۇلارنىڭ سەل قىزىققۇچىلىقى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىتباش مايمۇنلاردىن ئىككىسى ئۇرۇشۇپ كەتتى.

ــ ئۇلار ماڭا كىمنىدۇر ئەسلىتىۋاتىدۇ؟ ــ دېدى ئاپام ــ ھىم، ئويلاپ يېتەلمەيۋاتىمەنا!






قىزىل يۇڭلۇق ئورانگۇتان بىر بۇلۇڭدا مىدىر-سىدىر قىلماي زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى.



بىز بىرتەرەپتىن قەپەسنىڭ ئەينىكىنى ئۇرۇپ،يەنە بىر تەرەپتىن قاتتىق ۋارقىراپ-جارقىراپ كەتتۇق،بىراق ئۇ بىزگە پىسەنت قىلىپمۇ قويمىدى.بىچارە جانىۋار!



بىز ئاخىر گورىللانى تاپتۇق،ئۇلار ناھايىتى قالتىسكەن.ئەلۋەتتە،




ئۆيگە قايتتۇق،ماشىندا كېتىۋېتىپ ئاپام مەندىن بۈگۈن ماڭا ياققان ئەڭ ياخشى نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى سورىدى.مەن:«ھامبۇرگ بولكىسى،بەرەڭگە قەلەمچىسى ۋە پۇرچاق، ــ دېدىم.خارى بولسا: شىلەپە ــ دېدى. دادام ئەڭ ياخشىسىنىڭ ئۆيگە قايتىش ئىكەنلىكىنى ئېيتتى،يەنە ئاپامدىن كەچلىك تاماققا نېمە يەيدىغانلىقىمىزنى سورىدى.


ــ مەنچە ھايۋاناتلار باغچىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ھايۋاناتلار ئۈچۈن ئەمەس، ــ دېدى ئاپام ــ بەلكى ئادەملەر ئۈچۈن بولسا كېرەك.




شۇ كۈنى كېچدە مەن ناھايتى غەلتە بر چۈش كۆرۈپتمەن.



سىزچە ھايۋاناتلارمۇ چۈش كۆرەمدىغاندۇ؟






# ئوسكارنىڭ ئۆيىدىكى ئۆزگىرىش

ئانتونى بروۋن

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال




پەيشەنبە كۈنى ئەتىگەن ئوندىن چارەك ئۆتكەن چاغدا ،ئوسكار چاي چۆگۈنىنىڭ ئۆزگىرىپ قالغانلىقىغا دىققەت قىلدى.



ئاشخانىدىكى بارلىق نەرسىلەر بۇرۇنقىدەكلا پاك ـ پاكىزە ۋە رەتلىك،ئەسلىدىكى ئورنىدا ئىدى.ھاۋامۇ

ئوخشاش پۇراقتا ئىدى.





ھوجرىنىڭ ئىچى جىمجىت،كىچىككىنىمۇ ئاۋاز يوق.ئوسكارنىڭ ھوجرىسى گويا ئۆنىڭغا ئەگىشىپ ۋاقىتتىن توختاپ قالغاندەكلا ئىدى.دەل مۇشۇ ۋاقىتتا...ئاھ،ئۇ ساپما كەشنى كۆردى!





ئەتگەندە دادىسى سىرتقا چىقىپ ئاپىسنى ئەكىلىۋالماقچى ئىدى.ماڭىدىغان چاغدا ئۇ:

-ئۆينىڭ ئىچى ئەمدى ئۆزگىرىپ كېتىدىغان بولدى-دېدى.





دادىسىنىڭ دېمەكچى بولغىنى بۇمۇ؟



ياكى ماۋۇمۇ؟




ئوسكار بىلەلمىدى.






تالادىكى ھەممە نەرسە بۇرۇنقىدەكلا تۇرامدۇ؟قانچىلىك قارىسىمۇ يەنە شۇ پېتى.








ئوسكار نېمه ئىش قىلىشنى بىلەلمىدى،ياكى ۋېلىسىپىتنى مىنىپ كوچا چۆرگىلىسۇنمۇ؟





ياكى ئۆياق ـ بۇياققا قاراپ باقسۇنمۇ؟



ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ كەتكەنمىدۇ؟





ئوسكار يۇگۇرۇپ ئۆزىنىڭ ھوجرىسىغا قايتىپ،ئىشىكنى ياپتى،چىراقنىمۇ ئۆچۇرىۋەتتى.







ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئېچىلغان چاغدا،چىراق يورۇقى چۈشتى،ئوسكار دادىسىنى،ئاپىسىنى،يەنە كىچىككىنە بىر بوۋاقنى كۆردى.

ـ ئوھوي،مېنىڭ قوزام! ـ دېدى ئاپىسى ـ ئۇ سېنىڭ سىڭلىڭ!









# شەكىل ئويۇنى

ئانتونى بروۋن

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال



河北教育出版社





ئاشۇ يىلى، مەن تېخى كىچىككىنە بىر ئوغۇل بالا ئىدىم، ئۆزۈمگە نېمە كېرەكلىكىنىمۇ بىلمەيتتىم. ئاپام

ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە پۈتۈن ئائىلە بويىچە باشقا بىر جايغا بېرىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.نەتىجىدە،ئاشۇ كۈنى مېنىڭ ھاياتىم تەلتۆكۈس ئۆزگىرىپ كەتتى.



بىز پويىزغا ئولتۇرۇپ شەھەر ئەتراپىغا باردۇق،ئاندىن ناھايىتى ئۇزۇن يول يۈردۇق.ئۇ كۈنىسى تېلېۋىزوردا بىر مەيدان مۇھىم پۇتبول مۇسابىقىسى قويۇلاتتى،شۇڭا مەن دادام بىلەن جورجنىڭ بۇگۈن پەقەت بارغۇسى يوقلىقىنى بىلەتتىم.يولبويى جورج مېنى پاراكەندە قىپلا ماڭدى،دادام يۇمۇر ئېيتتى.«نېمىشقا ئورانگۇتاننىڭ بۇرۇن تۆشۈكى ئالاھىدە چوڭ؟»«بىلمەيمەن، ـ دېدى جورج.«چۈنكى ئۇلارنىڭ بارمىقىنىڭ ئۇچى بەك چوڭدە!» ـ دېدى دادام.ئۇنىڭ يۇمۇرلىرى ھەمىشە مۇشۇنداق.بىز ئاخىر يېتىپ كەلدۇق،بۇ يەر قارىماققا بەكمۇ ھەشەمەتلىك ئىدى.





مەن سەل هودۇقتۇم،دادام ۋە جورج پەقەتلا گەپ قىلمايۋاتاتتى.(دەسلەپدە)



ـ ۋاي خۇدايىم! بۇ زادى نېمە؟ ـ دەپ سورىدى دادام.

ـ بىر جۈپ ئانا ـ بالا بولسا كېرەك ـ دېدى ئاپام.

ـ ئوھ،شۇنداقتەك قىلىدۇ! ـ دېدى دادام.



ئاپام بىزنى چوڭ بىر زالغا باشلاپ كىردى،ئىچىگە قەدىمىي رەسىملەر ئېسىۋېتىلگەن ئىدى.

ـ نېمانچە مەنىسىز ـ دېدى جورج.دادام ئۇنى ئاغزىنى يۇمۇشنى ئېيتتى.

(مەنچىمۇ بەك مەنىسىز ئىدى،لېكىن مەن ئېنىق بىرنەرسە دېمىدىم)



جورج بىر پارچە رەسىمگە يېقىن كېلىپ تۇرغانىدى، قوغدىغۇچى كېلىپ ئۇنى رەسىمدىن يىراقراق تۇرۇشنى ئېيتتى، دادامۇ شۇنداق دېدى.

ئېكىسكۇرسىيە تېخى ئەمدىلەتىن باشلىنىپلا يولۇققان بۇ ئىش ھەقىقەتەن كۆڭۈلسىزلىك ئىدى، بولۇپمۇ جورجنى تېخىمۇ مەيۇسلەندۈردى. دادام ئۇنىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن دېدى: ـ سەن ھەممە يەردە ياق، دەيدىغان بىر ئەخمەقنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانمۇ؟

ـ ياق ـ دېدى جورج غودۇڭشىغاندەك دىمىقىدا.

ـ ئوھ، ئەسلىدە ئاشۇ ئەخمەق سەنكەنسەندە! ـ دېدى دادام بىرياقتىن سۆزلىگەچ بىرياقتىن كۈلۈپ. جورج كېتىپ قالدى.



ئاپام بىزگە بىرپارچە رەسىمنى تونۇشتۇردى، رەسىمدىكىسى بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىدى.

ـ بىز تونۇيدىغان بىرە ئائىلىگە ئوخشامدۇ قانداق؟ ـ دېدى ئاپام چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتكەن ھالدا.

ئاپامنىڭ دېيىشچە رەسىمدىكى دادا بىر پارچە مۇھەببەت خېتىنى تۇتقۇزالغان ئىكەن، ئۇ خەتنى باشقا بىر ئەر ئۇنىڭ ئايالىغا يازغان ئىكەن.

رەسمگە  نۇرغۇن يىپ ئۇچلىرى يوشۇرۇنغان بولۇپ، بىزگە تېخمۇ كۆپ ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بېرەتتى.شۇنىڭ بىلەن بىز تىرىشىپ بارلىق يىپ ئۇچلىرىنى تېپىپ چىقتۇق.



يىلاننىڭ ئېزىقتۇرىشى بىلەن ھاۋا ئالمىنى يېگەندىن كېيىن،ئادەم ۋە ھاۋا جەننەتتىن قوغلاندى.

رەسىمدىكى ئانا باشقا بىر ئەرنىڭ ئازدۇرىشىغا ئۇچرىدى.ئانىنىڭ ئوبرازى.

باللار ياسىغان قارا ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى،ئۇلارنىڭ گۈزەل ئائىلىسىمۇ ۋەيران بولدى.

يېرىم تال ئالما يەر ئۈستىدە ياتاتتى،خۇددى رەسىمدىكى ئايالغا ئوخشاش.

ئەينەكتە ئەكس ئەتكەن سۈرەتتە ئىشك ئېچىلىپ ئانىنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

پالاكەتكە ئۇچرىغان كېمە كېمىچى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلدى،رەسىمدىكى ئەرمۇ ئايالى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەندەك ھېس قىلاتتى.

دادىنىڭ ئوبرازى.

باشقا بىر ئەرنىڭ سۈرىتى.

ئايال ئۈمىدسىزلەنگەن هالدا يەردە ياتاتتى،ئۇنىڭ قولىرىدىكى بىلەيزۈكلەر رەسىمدە خۇددى بىر كويزىدەك كۆرۈنەتتى.




“一切都过去了，再也回不来了！你知道吗？”爸爸说。

“什么过去啦？”我问。

“昨天啊！”爸爸说。

ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتتى،ئەمدى قايتا كەلمەيدۇ! بىلەمسەن؟ ـ دېدى دادام.

ـ نېمە ئۆتۈپ كەتتى؟ ـ دەپ سورىدىم مەن.

تۈنۈگۈن! ـ دېدى دادام.



(كورمېن ماي بوياق رەسىمدىكى ئاياللار ـ ئەنگلىيە رەسسامى 17 ـ ئەسىر)

بۇ رەسىمدىكى ئىككىسى ئوپمۇئوخشاشكەن ـ دېدىم مەن.

ـ هوي، تامامەن ئوخشاشمايدۇ ـ دېدى ئاپام ـ ئىنچىكىلىك بىلەن قاراپ باققىن.



بۇ ئىككى پارچە رەسىم پەقەت ئوخشىمايدۇ،سىز قانچىلىك ئوخشىماسلىقنى تېپىپ چىقالايسىز؟




قوشنا كۆرگەزمە ئۆيىدىكى جورج توۋلىدى:ھەي،كېلىپ بۇ رەسىمنى كۆرۈپ بېقىڭلار،بەك قالتىسكەن!

- راسمۇ؟ - دەپ سورىدى ئاپام.



ـ ئويلاپ بېقىڭلار،ناۋادا بىز تۇرغان كوچىدا مۇشۇنداق ئىش يۈز بەرسە قانداق قىلارمىز؟



(چۈشتىكى بالىلىق)

ـ بۇ رەسىم سائا نېمىنى ھېس قىلدۇردى؟ ـ دەپ سورىدى ئاپام.

ـ دادام بىزگە يۇمۇر ئېيتىپ بېرىۋاتقانغا بەكلا ئوخشايدىكەن ـ دېدىم مەن.




ئىككى تال قېزا قازاندىكى مايدا پىژىلداپ قايناۋاتقان ئىكەن،ئارىسىدىكى بىرسى يەنە بىرسىگە دەپتۇ:

ئاھ!بۇيەر نىمانداق ئىسسىق! يەنە بىر تال قېزا دەپتۇ: ۋاي!نېمىش بۇ!ئاۋۇ قېزا گەپ قىلالايدىكەن!



(شىرغا يەم بولغان ئات)

ـ مانا بۇ مېنىڭ نەزىرىمدىكى ئېسىل رەسىم ـ دېدى دادام ـ قاراڭلار ئاۋۇ شىرغا ،خۇددى راستەكلا! دادام توغرا ئېيتقانىدى.



(ئوردىن تاقىۋالغان ئۆزىنى ئۆزى سىزغان رەسىم) بۈگۈنڭىزگە شادلىق تىلەيمەن

سىلەر داداڭلار بىلەن ئوخشاش ئىسىملىك بىر ئوغۇل بالا ھەققىدە ئاڭلىغانمۇ؟ ـ دەپ سورىدى دادام.

ـ ياق ـ دېدىم مەن.

ـ ئۇنىڭ ئىسمى دادا بولۇش! ـ دېدى دادام.



بىرپەس ھېچكىم ئۈندىمىدى، بىراق تۈيۇقسىز بىز ھەممىمىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق، چۈنكى رەسىمدىكى بىرەيلەننىڭ تۇرقى دادامغا بىرئاز ئوخشاپ كېتەتتى.



قايتىدىغان ۋاقتىمىز بولدى، گۈزەل ـ سەنئەت سارىيىدىن چىقىشتىن ئاۋال بىز سوۋغات دۈكىنىنى ئايلاندۇق.

ئاخىرىدا بىز بۇ بىرقانچە نەرسىنى سېتىۋالدۇق.




بىز پويىزغا ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قايتىدىغان يولغا چۈشتۇق،كۆپچىلىك ھەممىمىزنىڭ كەيپىياتى ياخشى ئىدى.

ۋوگزالغا كەلگەندىن كېيىن دادام بىزدىن سورىدى: ئۆمۈچۈك پالۋان ماشىنىغا چىقىشتىن ئاۋال روبىنغا نېمە دېدى؟


- ھە، - دېدى ئاپام - ئۆمۈچۈك پالۋان ماشىنىغا چىقىشتىن ئاۋال روبىنغا نېمە دەپتۇ؟

- روبىن،ماشىنىغا چىقە! - دەپ جاۋاپ بەردى دادام.

- كېلىڭلار بالىلىرىم، - دېدى ئاپام - پويىزغا چىقىڭلار!





قايتىۋاتقان يولدا ئاپام بىزگە ناھايىتى قالتىس بىر رەسىم ئويۇننى ئۆگەتتى،ئۇ بۇرۇن بوۋام بىلەن دائىم مۇشۇ ئويۇننى ئوينايدىكەنتۇق.ئويۇننىڭ قائىدىسى ئاۋال بىرەيلەن مەلۇم بىر شەكىلنى سىزىپ چىقاتتى.قانداقلىكى شەكىل بولسا بولىۋېرەتتى،بىرەر نەرسىگە ئوخشىشى زۆرۈر ئەمەستى.يەنە بىرەيلەن بۇ شەكىلنى مەلۇم نەرسىگە ئايلاندۇراتتى،بۇ ئويۇن ھەقىقەتەن قالتىسكەن،قايتىدىغان يولدا بىز ئىزچىل مۇشۇ ئويۇننىلا ئويناپ قايتتۇق.



مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا،مەن شۇ چاغدىن تارتىپ ئىزچىل مۇشۇ شەكىل ئويۇننى ئويناپ

كېلۋاتمەن...






# قارا ،مېنىڭ نېمەم بار؟


ئانتونى بروۋن

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال

سېيم پىيادە ئايلانغىلى چىقىپتۇ.




سېيم پىيادە ئايلانغىلى چىقىپتۇ.




Jeremy came by on his new bicycle.

جېرمي يېڭى ۋېلسىپىتنى مىنىپ يېتىپ كەپتۇ.




"Look what I've got!" said Jeremy.
"I bet you wish you had one."

ـ قارىغىنە ،مەندە نېمە باركەن؟ ـ دەپتۇ جېرمي ، ـ باغلىشمەنكى ،سەنمۇ مۇشۇنداق بىر ۋېلسىپىتلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلسەنغۇ دەيمەن؟




ـ قاراپ تۇر ھە!

ـ ئا...ۋايجان!



仅供内部学员使用




"Are you all right?" asked Sam.
Jeremy glared.

ـ ساڭا بىر ئىش بولمىغاندۇ؟ ـ دەپ ئەھۋال سوراپتۇ سېيم.


جېرمي سېيمغا ئالىيىپ قاراپتۇ.




سېيم باغچىغا بېرىپتۇ.




پوڭ!...



Jeremy was playing with his new football. "Look what I've got!" he said. "I bet you wish you had one."

جېرمي يېڭى پۇتبولنى ئويناۋاتقان ئىكەن.

ـ قارىغىنە،مەندە نېمە باركەن؟ ـ دەپتۇ جېرمي ـ ھۆددە قىلىمەنكى،سەنمۇ مۇشۇنداق توپۇڭدىن بىرى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىۋاتسەڭ دەيمەن؟




ئۇلار پۇتبول ئويناپتۇ.

بىراق جېررى پەقەتلا ياخشى ئوينىيالماپتۇ.





**تۇيۇقسىز. . . .**

**پاق!**


**شۇنىڭ بىلەن جېرمىي توپنى تېپىپ. . . .**

**جاڭ. .ڭ . .!**

The park-keeper didn't seem very pleased.



باغچە خادىمى تازىمۇ خاپا بولۇپ كېتىپتۇ.



سېيم بىر ماگىزىنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ.جېرمي ماگىزىنىدىن يوغان بىر خالتا ساپاقلىق كەمپۈتنى

كۆتۈرگىنىچە چىقىپتۇ.


仅供内部学员使用

"Look what I've got!" said Jeremy.
"I bet you wish you had some."
He ate them all.


ـ قارا ،مەندە نېمە باركەن ـ دەپتۇ جېرمي.

ـ باغلىشىمەنكى ،سەنمۇ مۇشۇنداق كەمپۈتلىرىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىۋاتسەنغۇ ھە؟


ئۇ كەمپۈتلەرنىڭ ھەممىسنى يەۋېتىپتۇ.




جېرمي توساتتىن ئۆلتۇرۇپ قاپتۇ...ـ ۋاي ...قورسۇقۇم!...


仅供内部
学员使用


سېيىم مېڭىپ ئورمانلىققا بېرىش ئۈچۈن بازاردىن چىقىپتۇ.




بىر ئورانگۇتان سەكرەپلا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ.




سېيىم قورقۇپ كېتىپتۇ.



仅供内部
学员使用

But it was Jeremy again.
"Look what I've got!" he said.
"I bet you wish you had one."

بىراق ئەسلىدە ئۇ جېرمي كەنتۇق.

ـ قارىغىنە ،مەندە نېمە بارئىكەن؟ ـ دەپتۇ ئۇ.


ـ باغلىشىمەنكى ،سەنمۇ مۇشۇنداق نىقابىڭ بولۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتسەنغۇ دەيمەن؟





ـ هوۋ...ۋ...!

بىراق ئۇ ياشانغان خانىمنىڭ ئىتى «گورىللا»دىن قورقماپتۇ.

But the old lady's dog was not frightened.








سېيم ئورمانلىقتا ئولتۇرۇپتۇ.جېرمي پەيدا بوپتۇ.

ـ قارا،مەندە نېمە باركەن؟ ـ دەپتۇ ئۇ.

ـ ھۆددە قىلمەنكى،سېنىڭمۇ مۇشۇنداق نەرسەڭ بولىشىنى ئارزۇ قىلىۋاتسەنغۇ دەيمەن؟





ـ ياق،ئەسلا خالىمايمەن ـ دەپتۇ سېيم ۋە كېتىپ قاپتۇ.



بىراق بۇ ئورمانلىقتا نۇرغۇن دېڭىز قاراقچىلىرى بار ئىكەن.

ئۇلار جېرمىيغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىپتۇ.





بۇ قاراقچىلار جېرمىنى تاختاي يولدىن مېڭىشقا مەجبۇرلاپتۇ.

ـ چولتوڭ!...


The pirates made Jeremy walk the plank.







سېيم كەينگە قايتىپ بېرىپ جېرمىنى سۇدىن تارتىپ چىقىرىپتۇ. ـ تېز بولمامسەن ـ دەپتۇ جېرمي ئوساللىق بىلەن.


ـ دادا مېنى چۈشتىن كېيىن ھايۋاناتلار باغچىسىغا ئېلىپ بارىدۇ. باغلىشمەنكى، سېنىڭمۇ چوقۇم بارغۇڭ بارغۇ دەيمەن؟


Sam came back and pulled Jeremy out of the water. "Hurry up," said Jeremy crossly. "My dad's taking me to the zoo this afternoon. I bet you wish you could come."

بىراق سېيىم قۇلاق سالماستىن كېتىپ قاپتۇ.




But Sam wasn't listening.




# مېنىڭ ئاكام

ئانتونى بروۋن


تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال





مېنىڭ ئاكام راستىنلا بەك نوچى.





(نوچى چېچى،نوچى قۇلىقى،نوچى يۇڭ پوپايكىسى،نوچى كۆڭلىكى،نوچى شىمى،بەكلا نوچى بەتىنكىسى بار)





ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئېگىزگە سەكرەش ماھىرى،شۇنداقلا يەنە چەبدەس ياماشقۇچى(ئۆمۈچۈك پالۋاندەك)




يەنە ئۇ قالتىس توپچى.مېنىڭ ئاكام بەك نوچى.




مېنىڭ ئاكام غالتەكلىك تاختىدا سىيرىلىش ماھىرى،يەنە ئۇنىڭ مۇسكۇللىرى بەكمۇ تولغان ـ ساغلام.





ئۇ شۇنچىلىك يۈگۈرەيدۇكى،ئۇچقاندەك تېز . . .ئۇ ئۇچالايدۇ! راس،مېنىڭ ئاكام راستىنلا بەك نوچى.





مېنىڭ ئاكام نۇرغۇنلىغان كىتابلارنى ئوقىغان،ئۇ يەنە ئاجايىپ ھېكايىلەرنى يازالايدۇ.




ئۇ ھەممە نەرسىنى سىزالايدۇ(نوچى بۆرە دېگەندەك)، ئۇ يەنە ئاجايىپ چوڭ شارلارنى كۆپتۈرەلەيدۇ.مېنىڭ ئاكام راستلا بەك نوچى!





ئاكام بىر ئەسەبىي تولغىما ئۇسۇل ناخشىچىسى،يەنە ئۇ بىر دىسكو ئۇسۇل چولپىنى.




ئۇ بەزىدە بەك قورقۇنۇچلۇق بولىۋالىدۇ،ئۇ يەنە ئاجايىپ ئىسقىرتالايدۇ.مېنىڭ ئاكام راستىنلا بەك

نوچى.


错误!




مېنىڭ ئاكام زومىگەرلەردىن قورقمايدۇ،يەنە غەلىتە مەخلۇقلارنىمۇ بويسۇندۇرالايدۇ.




ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئاكام راستىنلا بىر قالتىس مۈشۈكنىڭ ئۆزى.سىزچىچۇ؟




مەنمۇ بەك نوچى!





# ئاجايىپ سىرلىق تاش

ئانتونى بروۋن

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال







بۇ بىر ئاجايىپ سىرلىق كىچىك تاش.

ۋاھ! كىچىك تاش كۆلرەڭگە ئۆزگەردى!

پەرەز قىپ بېقىڭە،كېيىنكى قەدەمدە ئۇ نېمىگە ئۆزگىرەر؟




كىچىككىنە چاشقانچاق

شامدانغا چىقىۋاپتۇ،

ئاپىسى كەلگۈچە ئويناپتۇ...




ۋاھ! كىچىك تاش بىر پىرقىراپلا يەنە سېرىقرەڭگە ئۆزگىرىپتۇ.

ئەمدى ئۇ نېمىگە ئۆزگىرەر ھە؟




سوقچاق نەشپۈت

تاتلىق ھەم چۈرۈك

كىچىك دوستلار كەتتى تېزىلىپ.




كىچىك تاش بىر پىرقىراپلا ھالرەڭگە ئۆزگىرىپتۇ.

ئەمدى ئۇ نېمىگە ئۆزگىرەكىن؟





كىچىك پىكاپ

پاپ ،پاپ ،پاپ!

شەرقتىن ھەيدەر


غەرپكە قاراپ.






كىچىك تاش بىر پىرقىراپلا قەھۋەرەڭگە ئۆزگىرەپتۇ.

ئەمدى ئۇ نېمىگە ئۆزگىرەر ھە؟



پۈتۈن تېنى تىكەن

كىچىك كىرپە.

تىرىق، تىرىق

يىغىپتۇ مېۋە.

پۈتۈن تېنى تىكەن

كىچىك كىرپە.

تىرىق، تىرىق

يىغىپتۇ مېۋە.

كىچىك تاش بىر پىرقىراپلا يېشىل رەڭگە ئۆزگىرىپتۇ.

ئەمدى ئۇ نېمىگە ئۆزگىرەر هە؟



كىچىك تاش بىر پىرقىراپلا يېشىل رەڭگە ئۆزگىرىپتۇ.


ئەمدى ئۇ نېمىگە ئۆزگىرەر هە؟

كىچىك پاقا ئامراق

ناخشا ئېيتىشقا،

بىر ئېيتقانچە

ئېيتار يۈز ناخشا.



كىچىك پاقا ئامراق

ناخشا ئېيتىشقا،

بىر ئېيتقانچە

ئېيتار يۈز ناخشا.

كىچىك تاش بىر پىرقىراپلا ئاپلىسنرەڭگە ئۆزگىرەپتۇ.

ئەمدى ئۇ نېمىگە ئۆزگىرەيدىغاندۇ؟

كىچىك تاش بىر پىرقىراپلا ئاپلىسنرەڭگە ئۆزگىرەپتۇ.

ئەمدى ئۇ نېمىگە ئۆزگىرەيدىغاندۇ؟





يامغۇر ياغدى

ئۇزاق - ئۇزاق...

يېڭى دوست تاپتى

گۈمبەمەدەكچاق.




كىچىك تاش بىر پىرقىراپلا قارا رەڭگە ئۆزگىرەپتۇ.

بۇ قېتىم ئۇ نېمىگە ئۆزگىرەر هە؟




قوق، قوق، قوق!

چۇك، چۇك، چۇك!

مېكىيان ئانا ۋە چۈجىلەر

يۈرەر دان ئىزلەپ

ۋە قۇرت تۇتۇپ.



كىچىك تاش بىر پېرقىراپلا ئاق رەڭگە ئۆزگىرەپتۇ.

بۇقېتىم ئۇ نېمىگە ئۆزگىرەر ھە؟

كىچىك تاش بىر پېرقىراپلا ئاق رەڭگە ئۆزگىرەپتۇ.

بۇقېتىم ئۇ نېمىگە ئۆزگىرەر ھە؟



پىنگۋىنچاق

قورسىقى ئاق.

جەنۇبىي قۇتۇپتا

ماڭار ئويناقلاپ.

پىنگۋىنچاق

قورسىقى ئاق.

جەنۇبىي قۇتۇپتا

ماڭار ئويناقلاپ.

كىچىك تاش بىر پىرقىراپلا كۆك رەڭگە ئۆزگىرەپتۇ.

بۇ قېتىم ئۇ نېمىگە ئۆزگىرەيدىغاندۇ ؟



كىچىك تاش بىر پىرقىراپلا كۆك رەڭگە ئۆزگىرەپتۇ.

بۇ قېتىم ئۇ نېمىگە ئۆزگىرەيدىغاندۇ ؟



لاي،لاي،لاي!

ناي،ناي،ناي!

كىتنىڭ ئويۇنى


باشلاندى ۋاي!

لاي،لاي،لاي!

ناي،ناي،ناي!

كىتنىڭ ئويۇنى

باشلاندى ۋاي!




كىچىك تاش بىر پىرقىراپلا قىزىلرەڭگە ئۆزگىرەپتۇ.

ئەمدى ئۇ نېمىگە ئۆزگىرەيدىغاندۇ؟




ئۇچە ،ئۇچقىن

گاز شارى.

ئېپ بار سەيلىگە

دوسلىرىمنى!













# سېھىرلىك ئەينەكتىن كېسىپ ئۆتۈش

ئانتونى بروۋن

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال






توبي سافادا ئولتۇراتتى،ئۇ بەكمۇ زېرىكىپ كەتكەندى.كىتاب كۆرۈپمۇ زېرىككەن،ئويۇنچۇق ئويناپمۇ زېرىككەن،نېمىلا ئىش بولسا زېرىككەن ئىدى.




ئۇ مېھمانخانا ئۆيگە كىردى.ئۇيەردىمۇ بىرەر يېڭىلىق نەرسە يوق ئىدى.





ئۇ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ بىر ئەينەكتىن ئۆزىگە قارىدى.ئەينەكتە بىر غەلىتىلىك باردەك ئىدى.نەرى غەلىتىدۇ؟

ئۇ قولىنى ئەينەككە تىققاندى قولى كىرىپ كەتتى ۋە ئۆزىمۇ ئەينەكتىن ئۇدۇل كېسىپ ئۆتۈپ كەتتى!



ئۇ سىرتتىكى كوچىغا چىقىپ قالدى.




ئۇ قارىماققا بۇرۇنقى كوچا ئىدى، بىراق راستلا شۇمۇ؟




ئۇنىڭ يېنىدىن بىر يوشۇرۇن ئادەم ئۆتتى.



كوچىنىڭ بۇلۇڭىدا بىر رەسىم تاختىسى بار ئىدى.رەسىم تاختىسىدا بىر پارچە رەسىم بولۇپ،رەسىمدىكى رەسىم ئىچىدە يەنىلا ئاشۇ رەسىمنىڭ ئۆزى بار ئىدى.



مۇشۇ ۋاقىتتا،بىر ئىت كەپ قالدى،ئۇ بىر ئادەمنى يېتىلەپ كېتىپ باراتتى.



توبي ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى.

ئىككى ئادەم چىتلاقنى ئاقارتىۋاتاتتى.


توبي بىر قارىدى،قارىدى ـ يۇ،ئۆزىنىڭ كۆزلىرىنىڭ كۆرگىنىگە  زادىلا ئىشەنمەي قالدى.



تۇيۇقسىز ئاسمان قاراڭغۇلاشتى،

بىر توپ ھۆكمەتچىلەر(ھۆكمەتچى ـ داستان توۋلايدىغان ھافىز) ئەترىتىدىكى ئوغۇلا باللار ئاسماندىن ئۇچۇپ

ئۆتتى.




قاتتىق قورقۇپ كەتكەن بىر مۈشۈك سەكرەپ ئۆتتى،

بىر توپ ئېچىرقاپ كەتكەن چاشقانلار يانماستىن ئۇنى قوغلاپ كېلىۋاتاتتى.




قاتناش قوراللىرىمۇ تازا ئوخشمايتتى.





تاش يولدىن ئۆتىۋاتقاندا توبي هايۋاناتلار باغچىسىنىڭ بىر ئېلانىنى كۆرۈپ قالدى.

بىراق بۇ نېمە ئىش؟



توبىي ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپتۇ.

ھېلىقى ئەينەك نەدىدۇ؟




توغرا ،ئۇ شۇيەردىغۇ ،ئۇنىڭ دۈمبىسىدە.





توبى ئەينەكتىن سەكرەپ ئۆتۈپ ،ئۆزىنىڭ ھوجرىسىغا قايتىپ كەلدى.

ئۇ ئۆرۈلۈپ ،ئەينەكتىن ئۆزىنى كۆردى.

ئۇ ئەينەكتىن ئۆزىنى كۆرگەن ۋاقىتتا ،ئۇ كۈلۈمسىرىدى.



ئاندىن ئۇ يۈگۈرەپ ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشۈپ، چۈشتىن كېيىنلىك چاي ئىچكىلى ماڭدى.




# مەن ۋە سەن

ئانتوني بروۋن

تەرجمه قلغۇچى:ناۋال

Anthony Browne

# Me and You



بۇ بىزنىڭ ئۆيىمىز.




بۇ بىزنىڭ ئۆيىمىز.



There's Daddy Bear, Mummy Bear and me.

بۇ ئۆيدە ئېيىق دادام،ئېيىق ئاپام ۋە ئېيىقچاق ـ مەن بىللە تۇرىمىز.



بىر كۈنى ئەتىگەندە،ئاپام ناشتىلىق ئۈچۈن ئارپا ئۈمىچى ئېتىپتۇ.بىراق ئۈماچ بەك قىزىق بولغاچقا شۇھامانلا ئىچكىلى بولمايتتى.شۇنىڭ بىلەن دادام:« بىز ئۈماچ سوۋۇغىچە باغچىغا چىقىپ ئايلىنىپ كىرمەيلىمۇ؟»دېدى.شۇنىڭ بىلەن بىز باغچىغا چىقتۇق.



Daddy talked about *his* work and Mummy talked about *her* work. I just messed about.

ئايلانغاچ دادام پەقەت ئۆزىنىڭ خىزمىتى ھەققىدىلا سۆزلىدى،ئاپامۇ ئۆزىنىڭ خىزمىتىنىڭلا گېپىنى قىلدى.پەقەت مەنلا ئويناپ ـ سەكرەپ يۈردۈم.



On the way back, Daddy talked about the car and Mummy talked about the house. I just messed about.

قايتىۋاتقاندىمۇ دادام ماشىنىنىڭلا گېپىنى قىپ ماڭدى،ئاپام ئۆينىڭ گېپىنى قىپ توختىمىدى.مەن پەقەت ئۆزۈم بىلەنلا ئويناپ ماڭدىم.




**بىز قايتىپ كەلگەن چاغدا ،ئىشىك ئوچۇق تۇراتتى.**

**دادام:چوقۇم ئاپاڭ ئىشىكنى ئوچۇق قويۇپ ماڭغان گەپ، ـ دېدى.ئاپامۇ:چوقۇم داداڭ ئىشىكنى تاقاشنى ئۇنتۇپ قالغان نېمە ـ دېدى.**

**مەن ھېچنىمە دېمىدىم.**




دادام ئۆزىنىڭ قوشقىنىڭ ئارما ئۇمچى ئىچىدە تۇرغانلىقىنى كۆردى.

ـ قىزىق ئىشقۇ بۇ ـ دېدى دادام.

ئاپاممۇ ئۆزىنىڭ قوشقىنىڭ قاچىدىكى ئۇماچ ئىچىدە تۇرغانلىقىنى كۆردى.

ـ ما ئىشنى،تووۋا! ـ دېدى ئاپام.

ئاندىن مەن قاچامنىڭ قۇپقۇرۇق ئىكەنلىكىنى كۆردۇم.«نېمىسى قىزىقكەن ـ دېدىم مەن ـ بىرەيلەن مېنىڭ ئۇمىچىمنى پاك ـ پاكىزە ئىچىۋېتىپتۇ»




ـ توختاڭلار! ـ دېدى دادام ـ بىرەيلەن مېنىڭ ئورۇندۇقۇمدا ئولتۇرۇپتۇ.

ـ بىرەيلەن مېنىڭ ئورۇندۇقىمدا ئولتۇرۇپتۇ ـ دېدى ئاپام.

ـ بىرەيلەن مېنىڭ ئورۇندۇقىمدا ئولتۇرۇپتۇ ھەم ئۇنى بۇزىۋېتىپتۇ! ـ دەپ ۋارقىرىدىم مەن.

ـ بىز ئەڭ ياخشىسى ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ قاراپ باقايلى ـ دېدى دادام پەس ئاۋازدا ـ ئاپىسى، سىز ئاۋال چىقگە.




ـ قەدىرلىكىم ،ئېھتىيات قىلىڭ ھە! ـ دېدى دادام.




ـ ئاھ،ياق! ـ دېدى دادام توۋلاپ ـ بىركىم مېنىڭ كارۋىتىمدا يېتىپتۇ!


ـ ئاھ،ياق! ـ دېدى ئاپام چىرقىراپ ـ بىركىم مېنىڭ كارۋىتىمدا يېتىپتۇ!


– شۇنداق، مېنىڭ كارۋاتىمدىمۇ بىرسى ئۇخلاپتۇ – دېدىم مەن – يەنە كېلىپ ئۇ تېخىچە كارۋاتتىكەن!




بۇ قىزچاق كارۋاتتىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى، يۇگۇرگىنىچە پەسكە چۈشۈپ، ئىشىكتىن قېچىپ چىقىپ كەتتى.

مەن بەك ھەيران، ئۇ قىزچاققا نېمە بولغاندۇ؟







بىركۈنى ،بىر قىزچاق بىزنىڭ ئۆيىمىزگە كىرىپتۇ .مېنىڭ ئارپا ئۇممىچىمنى ئىچىۋاپتۇ،
ئورۇندۇقىمدا ئولتۇرۇپ بۇزۇۋېتىپتۇ يەنە مېنىڭ كارىۋىتىمدا ئۇخلاپتۇ.
ئەجەبلىنىپ كەتتىم ،ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟

«ئالتۇن چاچلىق قىز ھەققىدىكى كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان ،ئويلاندۇرىدىغان ئىشلارنى
بايان قىلىدىغان بىر ھېكايە» ـ كۈندىلىك تېلېگراف

«ئانتوني بروۋن بۇ يېڭى ھېكايىنى تېكىست ۋە رەسىملەر بىلەن مول مەزمۇنلۇق
چۈشەندۈرۈپ بەرگەن» ـ يەكشەنبە ۋاقتى




# باغچىدىكى ئاۋاز

ئانتونى بروۋن

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال

# *FIRST VOICE*



It was time to take Victoria, our pedigree Labrador, and Charles, our son, for a walk.

ئۇ چاغدا ئوغلۇم چارلس بىلەن بىللە  ئىتىمىز ۋىكتورىيەنى يېتىلەپ كېتىۋاتاتتۇق.




When we arrived at the park,
I let Victoria off her lead.
Immediately some scruffy
mongrel appeared and started
bothering her. I shooed it off,
but the horrible thing chased
her all over the park.

بىز باغچىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن مەن ۋىكتورىيەنىڭ بوينىغا باغلىغان شوينىنى يېشىپ ئېلىۋەتتىم.

توساتتىن بىر مەينەت شالغۇت ئىت پەيدا بولۇپ،ئۇنىڭغا قاراپ خىرىس قىلىشقا باشلىدى.مەن ئۇنى قوغلىدىم،بىراق كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان ئۇ ئىت باغچىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ۋىكتورىيەگە ئەگىشىپ

يۈرەتتى.



I ordered it to go away, but it took no notice of me whatsoever. "Sit," I said to Charles. "H "

مەن ئۇنى يىراققا قوغلىۋېتەي دېسەممۇ ئۇ پىسەنت قىلمىدى. «ئولتۇرايلى»دېدىم چارلىسقا.




مەن ئولتۇرۇپ كەچتە نېمە يېسەك بولىدىغانلىقى ھەققىدە پىلان قىلىۋاتقان ۋاقتىمدا

چارلىسنىڭ يوقلىقىنى كۆردۈم.ئاھ،قەدىرلىكىم! ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟



You get some frightful types in the park these days! I called his name for what seemed like an age.

مۇشۇ كۈنلەردە باغچىدا تۈرلۈك قورقۇنۇچلۇق ئىشلار ئۇچراپ تۇراتتى! مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى بىر ھازا چاقىردىم.



Then I saw him talking to a very rough-looking child. "Charles, come here. At once!" I said. "And come here please, Victoria."

We walked home in silence.

كېيىن مەن ئۇنىڭ بىر تولىمۇ لۈكچەك چىراي بىر بالا بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. «چارلىس، بۇياققا كەل،ھازىرلا!» ـ دېدىم مەن. « ـ ۋىكتورىيە،قايتىپ كەل»

بىز گەپ ـ سۆز قىلىشماي ئۆيگە قايتتۇق.




## SECOND VOICE




I needed to get out of the house, so me and Smudge took the dog to the park.

مەن سىماج بىلەن بىللە سىرتقا چىقماقچى بولۇپ ئىتىمىزنى ئېلىپ باغچىغا باردۇق.


WIFE A
MILLIO
OF KI
TO SUPP



ئىت بۆيەرنى بەك ياقتۇراتتى.مەنمۇ ئۇ بۆيەردە ئېرىشكەنلەرنىڭ يېرىمىغا بولسىمۇ
ئېرىشەلىشىمنى ئۈمىد قىلاتتىم.




مەن بىر ئۇزۇن ئورۇندۇقتا جايلىشىپ بىر پارچە قەغەزگە كۆز يۈگۈرتكەچ ئولتۇردۇم.ماڭا ئايان،بۇ بىر ۋاقىت ئىسراپچىلىقى،لېكىن بەلكىم سىز كىچىككىنە بولسىمۇ ئۈمۈدكە ئېرىشەلىشىڭىز مۇمكىن،شۇنداق ئەمەسمۇ؟



Then it was time to go. Smudge cheered me up. She chatted happily to me all the way home.

كېيىن كېتىدىغان ۋاقتىمىز بولدى.سىماج مېنى خۇش قىلاتتى.ئۇ يول بويى مەن بىلەن
خۇشال پاراڭلىشىپ ماڭدى.


HIPPO

## THIRD VOICE



I was at home on my own again. It's so boring. Then Mummy said that it was time for our walk.

مەن يەنە بىر كۈنى ئۆيدە ئولتۇراتتىم. بەكمۇ زېرىكىشلىك ئىدى. كېيىن ئاپام ماڭا بىزنىڭ بىللە سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كېلىشىمىزنى ئېيتتى.




There was a very friendly dog in the park and
Victoria was having a great time. I wished I wa


باغچەدا تولمۇ دوستانە بىر ئىت بار ئىكەن،ۋىكتورىيە تولمۇ پەيزى بىر ۋاقىت ئۆتكۈزگىلى تۇردى.مەنمۇ شۇنداق قىلسامكەن دەيمەن.



"D'you wanna come on the slide?" a voice asked. It was a girl, unfortunately, but I went anyway. She was brilliant on the slide, she went really fast. I was amazed.

ـ سيرىلغۇچتا ئوينىغۇڭىز بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى بىر ئاۋاز. ئەسلىدە بىر قىزچاقكەن. مەن يەنىلا ئوينىغىلى باردىم. ئۇ سيرىلغۇچ ئويناشنىڭ ماھىرى ئىكەن. ئۇ بەكلا چاققان ئىدى. مەن ھەيران قالدىم.






بۇ ئىككى ئىت كونا قەدىناسلاردەك ئايلىنىپ يۈگۈرۈشكىلى تۇردى.




The girl took off her
coat and swung on
the climbing frame,
so I did the same.

بۇ قىزچاق پەلتۇسنى سېلۋېتىپ تورنىكقا يامشىپ چىقىپ تورنىكقا ئېسىلىپ ئايلىنىشقا باشلىدى.شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئۇنىڭدەك ئوينىدىم.



I'm good at climbing trees,
so I showed her how to do it.
She told me her name was
Smudge - a funny name, I know,
but she's quite nice. Then
Mummy caught us talking
together and I had to go home.

مەن دەرەخكە يامىششقا ئۇستا ئىدىم،شۇڭا مەن ئۇ قىزچاققا قانداق يامىششنى كۆرسىتىپ قويدۇم.ئۇ ماڭا ئىسمىنىڭ «سىمادج» ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ـ تازىمۇ قىزىق ئىسىمدە بۇ،بىلىمەن،بىراق ئۇ بەكمۇ ياخشى قىز ئىدى.كېيىن ئاپام بىزنى بىللە پاراڭلىشىپ تۇرغاندا تۇتىۋالدى ھەم ئۆيگە قايتىدىغان بولدۇق.





بەلكىم سمادج كېلەر قېتىممۇ بۇيەردە بوپ قالار ھە؟

## FOURTH VOICE



دادام راسلا بەك زېرىكىپ كەتكەنىدى،شۇڭا ئۇ بىزنىڭ ئالبېرتنى ئېلىپ باغچىغا بارىدىغانلىقىمىزنى ئېيتقاندا بەك خۇش بوپ كەتتىم.




ئالبېرت دائىم بويىنىدىكى باغلاقنىڭ يېشىۋېتىلىشىگە ئالدىرايتتى. ئۇ باغلاقتىن بوشىنىپلا ئۇدۇل هېلىقى سۆيۈملۈك ئىت دوستىنىڭ يېنىغا چاپتى، ئۇنىڭ كاسىسىسىنى پۇراپ كەتتى. (ئۇ دائىم شۇنداق قىلاتتى) ئەلۋەتتە، باشقا ئىتلار بۇنى كۆڭلىگە ئېپ كەتمەيتتى، بىراق ئۇنىڭ ئېگىسىنىڭ بۇنداق دۆتلۈك ـ كالۋالىقتا ئاچچىقى كېلەتتى.



I got talking to this boy. I thought he was a bit of a wimp at first, but he's okay. We played on the see-saw and he didn't say much, but later on he was a bit more friendly.


مەن ئۇ بالا بىلەن پاراڭلاشتىم.دەسلەپتە ئۇ بالا ماڭا سەل يارىماستەك كۆرۈنگەنىدى،بىراق ئۇ بولىدىكەن. بىز بىللە لىڭگىرتاقتاق ئوينىدۇق،ئۇ ئانچە كۆپ گەپ قىلمىغانتى،بىراق كېيىنچە ئۇ بەك دوستانە بوپ كەتتى.



بىز ئىككىمىز ئالبېرتنىڭ سۇغا چۆمۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشاللىقتىن يايرىشىپ كۈلۈپ كېتىشتۇق.



كېيىن بىز ھەممىمىز سەھنىدە بىللە ئوينىدۇق.مەن بەكمۇ بەك شادلىق تۇيغۇلىرىغا چۆمۈلۈپ كەتتىم.



چارلىي بىر تال گۈلنى ئۈزۈۋېلىپ ماڭا بەردى.



Then his mum called
him and he had to go.
He looked sad.


كېيىن،ئۇنىڭ ئاپىسى چاقىردى ۋە ئۇ كېتىدىغان بولدى.ئۇ مەيۇسلەنگەندەك كۆرۈنەتتى.



مەن ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ھېلىقى گۈلنى ئازراق سۇغا چىلىدىم ۋە دادامغا ناھايىتى تەملىك گۈل چاي دەملەپ بەردىم.



When I got home I put the flower in some water, and made Dad a nice cup of tea.




# مەن ياخشى كۆرىدىغان ئىشلار

ئانتوني بروۋن

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال




This is me
and this is what I like:

بۇ مەن ۋە بۇلار مەن ياخشى كۆرىدىغان ئىشلار:



Painting ...

مەن رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرىمەن.



and riding my bike.

مەن يەنە ۋېلسىپىتىمنى مىنىشنى ياخشى كۆرىمەن.




Playing with toys ...

مەن ئويۇنچۇقلىرىمنى ئويناشقا ئامراق.




and dressing up.

مەن كىيىنىپ ياسىنىشقا ئامراق  (پادىشاھلاردەك تاج تاقاپ،پىلاش يېپىنىپ)



Climbing trees ...

دەرەخلەرگە يامششقا ئامراق.




and kicking a ball.

يەنە توپ تېپىشنى ياخشى كۆرىمەن.



Hiding ...

**مەن مۆكۈمۆكۈلەڭ ئويناشقا ئامراق.**



and acrobatics.

مەن سېرىك ئويناشقا ئامراق.




Building sand-castles

مەن قۇمدىن قۇمئۇردا ياساپ ئويناشقا ئامراق.




and paddling in the sea.

دېڭىزدا سۇكېچىپ ئويناشقا ئامراق.



Making a cake ...

تورت پۇشۇرۇشقا ئامراق.




and watching TV.

يەنە تېلېۋىزور كۆرۈشكە ئامراق.



Going to birthday parties

تۇغۇلغان كۈن ئولتۇرۇشلىرىغا بېرىشقا ئامراق.




and being with my friends.

يەنە دوستلىرىم بىلەن ئويناشقا ئامراق.




Having a bath ...

يۇيۇنۇشقا ئامراق.




hearing a bedtime story ...

ئاخشىمى ئۇخلايدىغان چاغدا ھېكايە ئاڭلاشقا ئامراق...



and dreaming.

ئۇخلاپ چۈش كۆرۈشكە ئامراق.




# ئورانگۇتان

**ئانتوني بروۋن**

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال

ئانىنا ئورانگۇتاننى ياخشى كۆرەتتى،ئۇ ئورانگۇتان ھەققىدىكى كىتاپلارنى كۆرەتتى،ئورانگۇتان چىقىدىغان تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى كۆرەتتى،يەنە نۇرغۇن ئورانگۇتان رەسىملىرىنى سىزغان ئىدى.بىراق ئۇ ئەزەلدىن ھەقىقي ئورانگۇتاننى كۆرۈپ باقمىغانىدى. دادىسىنىڭ ئۇنى ھايۋاناتلار باغچىسىغا ئاپىرىپ ئورانگۇتاننى كۆرستىپ كەلگۈدەك ۋاقتى يوق ئىدى.ئۇ نېمىنىلا تەلەپ قىلسا دادىسىنىڭ ھامان ۋاقتى چىقمايتتى.


!错误 



،ئاننا مەكتەپكە كېتىشتىن بۇرۇن،دادىسى ئىشغا كېتىپ بولاتتى.ئاخشىمى،يەنە نۇرغۇن قىلىدىغان ئىشلارنى ئېلىپ كېلەتتى.




ناۋادا ئاننا دادىسىدىن بىرە ئىشنى سورىسا ئۇ:ھازىر بولمايدۇ ،مەن بەك ئالدىراش ،ئەتە بىر گەپ بولسۇن ـ دەيتتى .



ئىككىنچى كۈنى،ئۇيەنىلا ئالدىراش بوغاچقا: ھازىر بولمايدۇ،شەنبە كۈنى بولسۇن ـ دەيتتى.شەنبە كەلگىنىدە ئۇ ھەمىشە ھېرىپ ـ ھالىدىن كەتكەن بولاتتى.دادىسى ئەزەلدىن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بىرە ئىش قىلىپ بەرمەيتتى.





تۇغۇلغان كۈنىنىڭ ئالدىنقى كۈنى كەچتە،ياتىدىغان ۋاقىت بولغاندا ئاننا ئاجايىپ خۇشال بوپ

كەتتى.ئۇ دادىسىغا بىر ئورانگۇتان كېرەكلىكىنى ئېيتقانىدى.



يېرىم كېچىدە،ئاننا ئويغىنىپ كېتىپ،پۈتىنىڭ يېنىدا بىر كىچىك بولاقنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى،ئىچىدە بىر ئورانگۇتان بار ئىدى،بىراق پەقەتلا بىر ئويۇنچۇق ئورانگۇتان ئىدى.




ئاننا ئورانگۇتاننى تامنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئويۇنچۇقلار دۆۋىسىگە تاشلاپ قويۇپ،يەنە ئۇيقۇغا

كەتتى.يېرىم كېچىدە،ئاجايىپ غەلىتە بىر ئىش يۈز بەردى.



ئاننا بەكمۇ قورقۇپ كەتتى.



ئورانگۇتان: ئاننا،قورقماڭ.مەن ئادەم چىشلىمەيمەن.مەن پەقەتلا سىزدىن ھايۋاناتلار باغچىسىغا بارغۇڭىز بار-يوقلىقىنى سورىماقچىدىم.ئورانگۇتاننىڭ كۆلۈمسىرىشى بەكمۇ يېقىملىق ئىدى،ئاننا ئەمدى قورقمىدى.ئۇ: بارغۇم بار-دېدى.



ئۇلار ئاستىنقى قەۋەتكە چۈشتى. ئاننا پەلتۇسنى كىيدى، ئورانگۇتان ئانىنانىڭ دادىسىنىڭ پەلتۇسنى ۋە شلەپىسنى كىيدى. ئورانگۇتان: بۇكىيىملەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى دەللا كەلدى ـ دېدى.




ئۇلار چوڭ ئىشىكنى ئېچىپ، تالاغا چىقتى. ئورانگۇتان: ئاننا، بىز ماڭايلى ـ دېدى.



ئورانگۇتان ئاننانى ئاۋايلاپ كۆتۈرىۋالدى. ئۇلار يولغا چىقتى، ئۇ دەرەختىن بۇ دەرەخكە ئېسىلىپ، ئۇدۇل ھايۋاناتلار باغچىسىغا قاراپ ماڭدى.



ئۇلار باغچىغا يېتىپ كەلگەندە، باغچىنىڭ ئىشىكى ئاللىقاچان تاقىلىپ كەتكەنىدى. تۆت ئەتراپىنىڭ ھەممىسى ئېگىز تامدا قورشالغان ئىدى. ئورانگۇتان: ئالدىرىماڭ، تامدىن ئارتىلىپ كىرىمىز ـ دېدى.



ئۇلار ئۇدۇل پىرىماتلار تۇرىدىكى ھايۋاناتلار يېنىغا باردى.ئاننا ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى.نېمەدېگەن كۆپ ئورانگۇتانلار بۇ!



ئورانگۇتان ئاننانى ئېلىپ ئورنىئو شتاتى ئادەمسىمان مايمۇننىڭ يېنىغا ئاپاردى،ئافرىقا قارا


ئورانگۇتاننى كۆرسەتتى. ئانناغا بۇ ئادەمسىمان مايمۇن، ئورانگۇتانلارنىڭ ھەممىسى تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى، بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى غەمكىن كۆرۈنەتتى.






ئورانگۇتان:هازىر سىزنىڭ يەنە نېمە قىلغۇڭىز بار؟ ـ دەپ سورىدى.ئاننا: كىنو كۆرگۈم بار دېۋىدى،ئۇلار كىنو كۆرگىلى كىردى.





كىنو كۆرۈپ بولۇپ، ئۇلار كوچا ئايلاندى. ئاننا: كىنو بەك قىزىقارلىقكەن، بىراق ھازىر مېنىڭ قورسىقىم ئېچىپ كەتتى ـ دېدى. ئورانگۇتان: چاتاق يوق، بىز تاماق يېگىلى بارايلى ـ دېدى.





ئورانگۇتان: ئۆيگە قايتايلى! ـ دېدى.ئاننا بېشىنى لىڭشىتتى،ئۇ سەل چارچاپ قالغانىدى.



ئۇلار چىملىقتا ئۇسسۇل ئوينىشىپ كەتتى،ئاننا ئەزەلدىن مۇنداق خوشال بولۇپ باقمىغانىدى.



ئورانگۇتان ئانناغا: ـ ئاننا، ئۆيگىزگە كىرىپ كېتىڭ، ئەتە كۆرۈشەيلى ـ دېدى. راستمۇ؟ ـ دېدى ئاننا. ئورانگۇتان بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرىدى.



ئەتىسى سەھەردە ئاننا ئويغىنىپ، ھېلىقى ئويۇنچۇق ئورانگۇتاننى كۆردى ۋە كۈلۈمسىرىدى.




ئاننا پەسكە يۈگرۈپ چۈشۈپ دادىسىغا بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەرمەكچى بولدى. دادىسى: ئوماق قىزىم، هايۋاناتلار باغچىسىغا بارغۇڭىز بارمۇ؟ ـ دېۋىدى، ئاننا هاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى.



ئاننا شۇنداق خۇشال بوپ كەتتى!







# ۋىللىينىڭ چۈشى

ئانتوني بروۋن


تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال

# WILLY THE DREAMER




## Anthony Browne

CANDLEWICK PRESS





ۋىللىي چۈش كۆرەتتى.




Sometimes Willy dreamd that he's a movie star

بەزىدە ۋىللىي ئۆزىنى چۈشىدە بىر كىنو چولپىنى بولۇپ چۈش كۆرەتتى.




or a singer

ياكى ناخشچى بولۇپ چۈش كۆرەتتى.




a sumo wrestler

ياكى بىر چېلىشىش ماھىرى بولۇپ چۈش كۆرەتتى.



or a ballet dancer...Willy dreams

بەزىدە چۈشىدە باللىت ئۇسۇلچىسى بولۇپ كۆرەتتى.




Sometimes Willy dreams that he's a painter

ۋىللي بەزىدە چۈشىدە بىر رەسسام بولاتتى.




or an explorer,

يەنە چۈشلىرىدە بىر ئېكسپېدىتسىيىچى سەييياھ بولۇپ كۆرەتتى.





a famous writer

بىر داڭلىق يازغۇچى بولۇپ چۈش كۆرەتتى.




or a scuba diver...Willy dreams.

ياكى سۈغا شۇڭغۇغۇچى غەۋۋاس  بولۇپ چۈش كۆرەتتى.




Sometimes WIlly dreams that he can't run

بەزىدە ۋىللي چۈشىدە ئۆزىنى يۈگۈرىيەلمەي چۈش كۆرۈپ قالاتتى.




but he can fly.

بىراق ئۇ ئۇچالايتتى.





ئۇ بىر غايەت زور گىگانت ئىدى.




or he's tiny...Willy dreams

ياكى ۋىللىي چۈشىدە ...بىر كىچىك پاپىچاق بولاتتى.




Sometimes Willy dreams that he's a beggat

بەزىدە ۋىللىي چۈشىدە ئۆزىنىڭ بىر تىلەمچى بولۇپ قالغىنىنى كۆرەتتى.




or a king.

ياكى بىر پادىشاھ بولۇپ چۈش كۆرەتتى.




He's in a strange landscape

**ئاجايىپ بىر مەنزىرىلەر ئىچىدە تۇرغىنىنى چۈشەيتتى.**




or out at sea...Willy dreams.

ياكى ۋىللىي دېڭىزدا يۈرۈپ چۈش كۆرەتتى.




Sometimes Willy dreams of fierce monsters

بەزىدە ۋىللىي چۈشىدە بىر قەبىھ غەلىتە مەخلۇققا ئايلىنىپ چۈش كۆرەتتى.




or superheroes.

**ياكى قالتىس خاسىيەتلىك ئادەم بولۇپ چۈش كۆرەتتى.**




He dreams of the past

ئۇ ئۆتكەن كۈنلەرنى چۈشەيتتى.




and,sometimes,the future.

ۋە بەزىدە كەلگۈسنى چۈشەيتتى.




ۋىللىي چۈش كۆرەتتى.





# ۋىللىي ۋە دوست

ئانتوني بروۋن

تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال




ۋىيلى بەكمۇ يالغۇز ئىكەن.



ھەربىرەيلەنىنڭ دوستلىرى بار ئىكەن،پەقەت ۋىيلىلا ھەممىشە يالغۇز يۈرەتتىكەن.



باشقىلار ئۇنى «كىچىك يارىماس»دەپ چاقىرىدىكەن.ھېچكىممۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئويناشنى خالىمايدىكەن.



بىر كۈنى ۋېيلى باغچىدا بىرتەرەپتىن سەيلە قىلغاچ،يەنە بىر تەرەپتىن خىيال سۈرۈپ مېڭىپتۇ.




يۇگۇرۇپ كەلگەن شيۇ ۋېيلى بىلەن سوقۇلۇپ كېتىپتۇ.



ـ ئوھ،كەچۈرۈڭ!ـ دەپتۇ شيۇ.

ۋېيلى بۇنى ئاڭلاپ تولىمۇ ھەيران قاپتۇ.بۇ،بۇ..ئەسلىدە مەن كەچۈرۈم سورىشىم كېرەك،كەچۈرۈڭ ـ دەپتۇ ئۇ ـ مەن بەك خىيالغا چۆكۈپ كېتىپ،يولغا دىققەت قىلماپتىمەن.

-ۋاي،ياق! مەن توغرا قىممىدىم،مەن يۈگۈرۈش بىلەنلا بوپ كېتىپ يولغا قارىماپتىمەن،راستلا سەت بولدى،كەچۈرۈڭ-دەپتۇ شىيۇ.

شۇنىڭ بىلەن شىيۇ ۋېيلىنى تارتىپ ئورنىدىن تۇرۇشقا ياردەملىشىپتۇ.



ئۇلار ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ،يۈگۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ مەشقىنى كۆرۈپتۇ.

-ۋاھ،ئۇلار قارىماققا شۇنداق خوشالدەك قىلىدۇ.

ۋېيلى ئاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.



جېدەلخور يوغان بۇرۇن ئورانگۇتان پەيدا بوپتۇ.

-ئوهوي،كىچىك يارىماس مەن سىنى ئىزدەپ يۈرەتتىم!-دەپتۇ ئۇ مەسخىرلىك كۈلۈپ.



بۇچاغدا،شيۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ.

-مىنىڭ ياردىمىم كىرەكمۇ؟-دەپتۇ شيۇ.

يوغان بۇرۇن قورققىنىدىن بەدەر قىچىپتۇ.





شۇنداق قىپ ۋېيلى ۋە شيۇ بىللە ھايۋاناتلار باغچىسىنى ئايلىنىپتۇ.



ئاندىن،ئۇلار بىللە كۇتۇپخانىغا بېرىپتۇ.ۋېيلى شيۇغا كىتاب ئوقۇپ بېرىپتۇ.



كۇتۇپخانىدىن چىقىپ،ئۇلار ماڭا،ماڭا،شيۇ تۇيۇقسىز مېڭىشتىن توختاپ قاپتۇ.....



ئۇ قورقۇنۇشلۇق بىرنەرسىنى كۆرۈپ قاپتۇ.



ـ ياردىمم كېرەكمۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ ۋېيلى ۋە يولدىكى ئۆمۈچۈكنى ئېلىپ تاشلىۋېتىپتۇ.



ۋېيلى شۇنداق مەمنۇنلۇق ھېس قىپتۇ.


-ئەتە يەنە بىللە ئوينامدۇق؟-دەپتۇ شيۇ.

-ماقۇل،ئۇنداقتا تېخىمۇ قالتىس بولاتتى!-دەپتۇ ۋېيلى.



يەنە كېلىپ..........قارا!

(شۇنداق قىپ ئۇلار دوست بولۇپ قاپتۇ)




# سېھرىگەر ۋىيلى

ئانتوني بروۋن


تەرجىمە قىلغۇچى:ناۋال






ۋىيلى پۇتبول ئويناشقا ئامراق.

بىراق،مەسىلە شۇكى-ئۇنىڭ توپچىلار ئايىغى يوق،مۇنداقچە قىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئاياغ سېتىۋالغۇدەك شارائىتى يوق.




ھەرھەپتىدە،قىزغىنلىق بىلەن مەشىققە قاتنىشاتتى.

ئۇ جان تىكىپ يۈگۈرەيتتى،قوغلايتتى،تارتىۋالاتتى.بىراق،ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا توپنى پاس بەرمەيتتى.شۇڭا،ئۇ ئىزچىل پۇتبول كوماندىسىغا كىرەلمەيۋاتاتتى.



بىركۈنى ئاخشىمى،ۋېيلى ئۆيگە قايتىدىغان چاغدا بىر تاتلىق-تۇرۇم ئاۋازنى ئاڭلىدى.ئۇ

بىرەيلەننىڭ توپ تېپىۋاتقانلىقىنى كۆردى.ئۇ ناتونۇش ئادەم مودىدىن قالغان،ئاستىدا مىخى بار توپچىلار ئايىقى كىيىۋالغانىدى،كىيىنىشى ۋېيلىنىڭ ئەسلىمىسىدىكى دادىسىغا ئوخشايتتى.بىراق،ئۇ كىشى توپنى بەك ياخشى،ناھايىتىمۇ ياخشى تېپەتتى.



ۋېيلى بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن،توپ ئۇنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كەلدى،ۋېيلى بىر تېپىپ يەنە ياندۇرۇپ بەردى.شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۈن-تىنسىز ھالدا توپنى تېپىشىپ-ياندۇرۇپ ئوينىدى.



ئاندىن ئۇ كىشى ۋېيلى زادىلا ئويلاپ باقمىغان بىر ئىشنى قىلدى.

ئۇ ئايىغىنىڭ يىپىنى يېشىپ،پۇتىدىن سالدى-دە،بىر ئېغىز ئۈندىمەستىن ئاياغنى ۋېيلىنىڭ ئالدىغا قويدى.



ۋېيلى ھەيران بولغان ھالدا ئاياغقا قاراپلا قالدى.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرگەن چاغدا، ھېلىقى ئادەم ھېچيەردە كۆرۈنمەيتتى.






ۋىللى كوچىدىكى خىش يوچۇقلىرىدىن ئاۋايلاپ مېڭىپ ئاياقنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەپتۇ.

ئۇ ئاياقنى ئېلىپ تاكى ئۇ بىرجۇپ يېپيېڭى ئاياق ھالىتىگە كەلگۈچە

سۈرتۈپ، تازىلاپ، پارقىرىتىۋېتىپتۇ.



ئاندىن ئۇ پەلەمپەيلەرنى بىردىن-بىردىن ساناپ ئاستا-ئاستا ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ كېتىپتۇ.(جەمي 16 پەشتاق)


يۈز-كۆزلىرىنى پاك-پاكىزە يۇيۇپ،4مىنۇت چىشلىرىنى چوتكىلاپتۇ،كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپتۇ.(ئادەتتە ئۇ ئاۋال تۆت تۈگمىلىك كىيىمىنى كىيىۋالاتتى) ئاندىن ئۇ ھاجەتخانىغا كىرىپتۇ،ئاندىن كارۋاتقا ئۆزىنى ئېتىپتۇ( ئۇ ھاجەتخانىنىڭ سۈيى توختاپ بولۇشتىن ئاۋال كارۋاتقا چىقىپ بولىشى كېرەك.بولمىسا،كىم بىلىدۇ نېمە ئىشلار يۈز بېرىدىغىنىنى؟)ھەركۈنى ئەتىگەندە،ئۇ بۇئىشلارنى قارىمۇقارشى تەرتىپ بىلەن قىلىپ،بۇئىشلارنى تەكرارلايتتى،ھەركۈنى شۇنداق ئىدى.

(ۋېيلى بىرخىل تۈستىكى مەنىسىز قائىدىلىك تۇرمۇش تەرتىپىدە ياشايتتى)




كېيىكى مەشىق كۈنىدە،ۋېيلى ئۇ توپ ئايغىنى كىيىپ،بەكمۇ خۇش بولدى.بىراق،باشقا توپچىلار ئۇنىڭ ئايىقىنى ياراتمىدى.

(ئەمىلىيەتتە باشقا توپچىلارنىڭ ئايىقىمۇ ۋېيلىغا نىسبەتەن تايىنى يوق ئىدى)



ۋىيلى توپچىلار ئايىقىنى كەيگەندىن كېيىن،توپ ئويناشقا باشلاپتۇ.ۋاھ،ۋىيلى قالتىس ئويناپتۇ!




كوماندا باشلىقى كېلەركى شەنبە ئۆتكۈزىلىدىغان مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغانلارنىڭ ئىسمىنى ئېلان قىپتۇ.ۋېيلى ئۆزىنىڭ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قاپتۇ.


ئەتراپتىكى بارچە نەرسىلەر گويا توپ ئايىقىغا ئەگىشىپلا كەلگەندەك ھەممە ئىش ئۆزگىرىپتۇ.



ئۇ ئىنتايىن خوشال ھالدا يۈگۈرگىنىچە ئۆيگە قايتىپتۇ.(ئۇ خىش يوچۇقلىرىغا دەسسەپ سېلىشتىن ئىنتايىن ئېھتىيات قىپتۇ)



ھەركۈنى ۋېيلى توپ ئايىقىنى كىيىپ ،ۋارتاغا ئۇرۇشنى،توپ ئېلىپ مېڭىشنى،ئادەم
يانداشنى،باشچىلاپ توپ ئۇرۇشنى مەشىق قىپتۇ،مەشىق قىلغانسېرى ماھارىتى قالتىس ئۆسۈپ
كېتىپتۇ.ۋېيلى ئۆزى كىيگەن توپچىلار ئايىقىنىڭ چوقۇم سېھىرلەنگەن ئاياقلىقىغا ئىشىنىدىكەن.




ھەركۈنى ئاخشىمى ۋىيلى توپ ئايىقىنى كىيىپ ھېلىقى كونا تاتلىق-تۈرۈم زاۋۇتىغا

بارىدىكەن. ھېلىقى ناتونۇش ئادەمدە بىرخىل چۈشىنىكسىز يېقىنلىق باردەك ھېس

قىلىدىكەن، ئۇنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. بىراق ئۇ كىشى شۇپېتى قايتا

كۆرۈنمەپتۇ.



جۇمە كۈنى كەچتە،ۋېيلى يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئۇخلاشتىن بۇرۇنقى ھەممە ئىشلىرىنى تەرتىپلىك قىپتۇ.

ئۇ پەلەمپەيلەرنى سانىغىنىچە ئاستا ـ ئاستا ئۈستىگە چىقىپتۇ.يۈز ـ كۆز،قوللىرىنى پاكىزە يۇيۇپتۇ،چىشىنى تۆت مىنۇت چوتكىلاپتۇ.ئۇخلاش كىيىمىنى كىيىپتۇ.(ئادەتتىكىدەكلا تۆت تال تۈگمىسىنى ئېتىپتۇ)ئاندىن ھاجەتخانىغا كىرىپتۇ،ئاندىن ھاجەتخانا سۈيى توختاپ بولغۇچە كارۋاتقا ئۆزىنى ئېتىپتۇ!...ئا...



بىراق،ۋېيلى ھاياجان ئىچىدە ئۇخلىيالماپتۇ.

خىيال ئىچىدە تولىمۇ ھوزۇرسىز بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈپتۇ،قورقۇنۇچلۇق چۈشمۇ كۆرۈپتۇ.

ئەتىسى،ئۇ كۆزىنى ئېچىپلا ئالاقزادە بوپ كېتىپتۇ.

سائەت ئاللىقاچان توققۇزدىن قىرىق بەش مىنۇت ئۆتۈپ كەتكەن ئىكەن،مۇسابىقە سائەت 10 دا باشلىنىدۇ!

ئۇ كارۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ،كىيىمنى كىيىپتۇ.پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ ئىشىكتىن سىرتقا ئېتىلىپتۇ.



ۋېيلى يۈگۈرگەن پېتى پۇتبول مەيدانىغا مېڭىپتۇ.



ئۇ پۇتبول مەيدانىغا يېتىپ كەلگەن چاغدا،باشقا كوماندا ئەزالىرى ئالىلقاچان توپچىلار كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ بولغان ئىكەن.

كوماندا باشلىقى توپ كىيىمىنى ئېلىپ كەپتۇ،ۋىيلى دەرھال كىيىمنى كىيىپتۇ.بۇ چاغدا ۋىيلىنىڭ ئېسىگە بىر قورقۇنۇچلۇق خىيال كەپتۇ...

ئۇ ھېلىقى توپ ئايىغىنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ!

بىرەيلەن ئۇنىڭغا ياردەم قىپ باشقا بىرجۈپ ئاياغنى تېپىپ بېرىپتۇ.

-ئەستا،سىز بىلمەيسىز ....-دەپتۇ ئۇ،بىراق كوماندا باشلىقى ئالىلقاچان مەيدانغا كېتىپ قاپتۇ.




ۋىيلى كىيىم ئالماشتۇرۇش ئۆيىدىن چىققاندا توپ مەستانىلىرىنىڭ ھەممىسى كۈلۈمسىرىشىپ تۇرغانىكەن.ۋىيلىمۇ كۈلۈمسىرەپتۇ،بىراق ئۇ كۆڭلىدە بەكمۇ خاپا ئىكەن.



مۇسابىقە باشلىنىپتۇ.نەچچە مىنۇت ئۆتە-ئۆتمەيلا ۋېيلى تېخى ئۆزىنى رۇسلاپ بولغۇچە قارشى تەرەپ بىر توپ كىرگۈزۈپتۇ.نەتىجە 1:0 بوپتۇ.

مۇسابىقە يەنە قايتىدىن باشلىنىپتۇ.بۇ چاغدا توپ قانات چىقارغاندەك ئۇچۇپ ۋېيلىنىڭ يېنىغا كەپتۇ.ئۇنىڭ كۆپ ئويلىنىپ تۇرۇشقا ۋاقتى يوق ئىدى،شۇڭا توپنى ئېلىپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپتۇ.




ۋېيلىغا سېھىرلىك ئىش يۈز بېرىۋاتقاندەك ـ توپ گويا كۆرۈنمەس بىر لىنىيە بىلەن باشلىنىپ كېتىۋاتقاندەكلا تۇيۇلۇپتۇ.ئۇ توپنى قارشى تەرەپنىڭ ئۈچ توپچىسىدىن يانداپ ئۆتۈپ ئېپ مېڭىپتۇ ۋە ئارقىدىنلا ئىنتايىن چىرايلىق بىر توپ ئۇرۇپتۇ.....توپ كىرىپتۇ!




ۋېيلى قارىغاندا ھېچقانداق چاتاق چىقارماپتۇ! ھەرقېتىم ئۇ توپنى ئالغان ۋاقتىدا قارشى تەرەپ ئەزالىرى خۇددى گىپنوزلىنىپ قالغاندەك تۇرۇپلا قاپتۇ.كوماندا ئەزالىرى ئىنتايىن ياخشى ماسلىشىپ نەچچە سكۇنت ئىچىدىلا نەتىجىنى 1:1 بىر قىپتۇ.مۇشۇ پەيتتە بېك ئۇنىڭغا توپنى ئۇرۇپ بېرىپتۇ.ۋېيلى توپنى ئېلىپ قارشى تەرەپ توپچىلىرىنى بىرمۇ بىر،بىرمۇ بىر يانداپ تاكى،پۈتۈن كوماندا ئەزالىرىدىنمۇ ياندا پ ئۆتكۈچە توپنى ئېلىپ مېڭىپتۇ.




ئەمدىلىكتە پەقەت ۋارتارلا قاپتۇ.ۋارتار ھەم ئېگىز ھەم بەستلىك، قاۋۇل ئىكەن.ۋارتارنىڭ كەينىدە ۋارتار ئىشكى تولىمۇ تار ھەم كىچىك كۆرۈنىدىكەن.ۋېيلى بۇھالدا توپنى ۋارتارغا تېپىپ كىرگۈزەلەرمۇ؟




چوقۇم كىرگۈزىدۇ!ۋېيلى تولىمۇ چىرايلىق بىر توپ تېپىپتۇ! ئاھ خۇدا!توپ مەستانىلىرى ساراڭ

بولايلا دەپ قاپتۇ. توپ كىردى!



سېھرىگەر ۋېيلى!سېھرگەر ۋېيلى!

توپ مەستانىلىرى يۇقىرى ئاۋازدا تىوۋلىشىپتۇ.



ئۆيگە قايتىۋېتىپ ۋىللى ھېلىقى توپ ئايىغىنى ۋە ناتونۇش كىشىنى ئويلاپتۇ.

ۋىللى كۈلۈمسىرەپتۇ.


11